00/070

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى

新疆社会科学院
图书资料室

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شېئىرلار

## خەلقىمگە

ئەي شىنجاڭ خەلقى، خىزمەتكە دائىم تەييار بول،
ئۇستۇنلۇكلەرنى جانلاندۇرۇشتا ھوشيار بول.
نېمىلەر چوڭلىمەكتە جوڭگو ېيشىدا،
خەلقىم، پۇرسەت يەتتى، ھەممىگە تەييار بول.

جەڭ مەيدانىدا غالىپ بولماقتىمىز،
قەھرىمانلارغا ياردەم توپلاش① كويىدا بول.
ئاخىرقى چوڭ ئۇستۇنلۇكنى ئېلىپ چىقىشقا،
جاھانگىرلارغا تونۇسالغۇ ئۆتكۈر — غار بول.

تىرىشقىن، خەلقىم، كىچە — كۈندۈز ئىش يولىدا،
ئاداققى دەمدە سائادەتلىك باھار بول.
ياخشى چۈشىنىپ سوۋېت بىلەن دوستلۇقنى②،
كۆرەشتە سەن قەھرىمان، جەسۇر بول.

قەدەم چىقماستىن ئازادلىقنىڭ يولىدىن،
مەھكەم بۇزۇلماس سەپنىڭ قويىنىدا بول.
ماڭغىن سائادەت دۇنياسىغا كەڭ ئاتلاپ،
ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن قايتماس پىداكار بول.

ئازادلىق يولىنى مەزلۇملارغا ئېچىشقا،
ئۇلارنىمۇ ئىنسان قاتارىغا قېتىشقا.
قاراڭغۇ ماكانغا ساپ نۇرلار چېچىشقا،
سۆيۈملۈك خەلقىم، قۇۋۋەتلىك ساپ نۇر بول.

## ئىزاھات:

① شۇ يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان 8 ـ ئارمىيىگە ماددى جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا «ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىنغان، بۇ ھەيئەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددى ياردەملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە يوللاپ بەرگەن ئىدى. ـ تەھرىردىن.

② 1933 ـ يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى «ئالتە چوڭ سىياسەت» نى يولغا قويغان ئىدى. بۇ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقوقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. شائىر بۇ مىسرادا ئالتە سىياسەتنىڭ بىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. ـ تەھرىردىن.

# «ئەپەندى» بولماق①

_ بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ئۇكام،
بۇ، ئەپەندى بولماق مېنى بىر بالاغا سالدى، ئۇكام.
شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە ساقىلىمنى قىرىپ يۈردۈم،
كەينى يېرىق چاپانلارنىمۇ كىيىپ يۈردۈم،
لېكىن «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم، ئۇكام،
بىر جاۋاب بەرسىڭىزچۇ، «ئەپەندى» دېمەسكە يەنە نىمەم كام؟

_ غەم يېمەڭ ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان،
ھازىر توپ _ توغرا ماگىزىنغا بارىسىز.
ئازراق پۇلىڭىزغا كاستيۇمدىن بىرنى ئالىسىز،
يەنە كازىبىك② تىن يانچۇققا بىرنى سالىسىز،
يەنە ئالىسىز ئاق كۆينەك ۋە ئۇزۇن گالستۇك،
بىر سېرىق شىبلىت كىيىسىز ئاندىن ئۇنى موك.
تاماكىڭىزنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرۈۋېرىڭ،
سىزنى «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى كۆرۈۋېرىڭ.
1937 _ يىل نويابىر، غۇلجا.

*ئىزاھات:*

*① شائىرنىڭ بۇ ساتىرىك شېئىر شۇ ۋاقىتتىكى «ئىلى گېزىتى» گە بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا زىيالىلار قوشۇنىمىز ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىت بولۇپ، كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئىدى، كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. شائىر بۇ ساتىراسىدا ئۆزى بىلىمسىز بولسىمۇ، زىيالىلارچە ياسىنىش ئارقىلىق «ئەپەندى» بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بىر ئەخمەقنى مەسخىرە قىلىدۇ.*

*② كازىبىك _ شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن تاماكىنىڭ بىر خىلى. _ تەھرىردىن.*

# دېھقىنىمغا

قىشلار كەتتى
كۆكلەم يەتتى،
كۈننىڭ نۇرى
چېچىلدى،

ئاپئاق قارلار
ئېرىدى.
دېھقىنىم باھارنى
سېغىندىڭمۇ؟

بوستانلاردا
قۇشلار سايراپ،
ئىشقى ـ شوقى
بىلەن قاراپ،

دەردلىك كۆڭۈلنى
ئاچقان
ئوماق قۇشلارنى
سېغىندىڭمۇ؟

يەر قوينىنى
تىلغاشنى
بۈگۈن يەنە
سېغىندىڭمۇ؟

ئېتىزلارنى
بوستان قىلىپ
يەر باغرىغا
پاك كۈچ سېلىپ

نۇرغۇن ھوسۇل
ئېلىشنى ،
ئەي دېھقىنىم
سېغىندىڭمۇ؟

كېچە ــ كۈندۈز
كەتمەن چېپىپ،
قارا يەردىن
ئالتۇن تېپىپ؛

ماڭلاي تەرنى
يەرگە سېپىپ،
ئېتىزلارنى
سېغىندىڭمۇ؟
1938 ـ يىل مارت، غۇلجا.

## كۆرەشچان جۇڭگو خوتۇن قىزلىرى

«ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دەپتىكەن بىر ساددا،
تىترەك، قارا يىللارنىڭ بىر «دانىشمىنى» (!؟)

بىز ئەمدى ئارقىغا
تاشلىدۇق، بىز يىراققا،
«چىچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»
دېگەن چىگىش ئۆتمۈشنى.

ئەقلىڭ بىلەن تەڭشەپ ئۆتمۈش يىللىرىنىڭ
دەل كۆكسىگە كۆرەش خەنجىرىنى ئۇرساڭ؛
مىڭ بىر بالالار بىلەن چاپلاشتۇرغان سىرلىرى
ئېچىلىدۇ روشەن بولۇپ، قىلنى قىرىق يارساڭ.

ھەممىمىزلا كۆرەشچان بىز، يىللىرىمىز كۆرەش يىللىرى،
كۆرەشنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئۆگەندى
بىزدە ئەر ــ خوتۇن قىز.
ئۆتمۈشنىڭ تار يوللىرى قالدى ئارقىدا،
ماڭىمىز، ئېچىلدى ــ
ئالدىمىزدا داغدام يول ــ ئىز.

1938 ــ يىل مارت، غۇلجا.

# بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى

كۈرەش، كۈرەش دەپ دائىما تىرىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
ھەر قەدەمدە كونا تۈزۈمنى بىلەن ئېلىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

جاھانگىرلار يەر يۈزىدىن تامام يوقالسا،
مەزلۇم ئەللەر يېڭى ھاياتتىن كەڭ يول ئالسا.
زادى تۈگىمەس سائادەتكە قەدەم قويسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئۈمەكلىشىپ مەزلۇملار[1] بىلەن بىللە ئىشلىسەك،
ھەقىقەتەن يېڭى يولغا راست كىرىشسەك.
باراۋەرلىك ئۇلۇغلىرىنى مەھكەم قۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

يوقسۇل، مىسكىنلەر ئەمدى تارتمىسا مۇشەققەت،
«ئاھ . . . نەيلەي، قىسلدىمغۇ» دېمىسە پەقەت.
ئازادلىقتىن شۇلارغا ياغسا مېھرى ــ شەپقەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئېلىمىزدە ئىلىم ــ مەرىپەت تېشىپ تۇرسا،
دولقۇنلاپ ئۆزىمىزدىن ئېشىپ تۇرسا،
خائىنلارنىڭ يوللىرى كېسىلىپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ھەر بىر يەردە زاۋۇت ــ فابرىكا ۋارقىراپ تۇرسا،
تۆمۈر يولدا ئوت ھارۋىلار جاقىراپ تۇرسا،
ھاۋا قۇشلىرى ئۈستىمىزدە غاقىراپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

قەھرىمان ياشلار ئەمدى تەييار تۇرسا،
قەھرىمانلارچە ھەر بىر ئىشتا ھوشيار تۇرسا،
قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغىمۇ چىراغلار يېقىلسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئەسكى تۇرمۇش ھەر قەدەمدە ۋەيران بولسا،
ئىستىبداتچى قارا كۆچلەر گۇمران بولسا،
ئوقۇمىغان نادانلار ئەمدى ئىنسان بولسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

گورۇھ ــ گورۇھ زىيالىلار قىلسا خىزمەت،
ھەر بىر ئېغىر ئىشلارغا قىلسا جۈرئەت،
پۈكسە كۆڭلىگە دائىما توغرا نىيەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

مىللەتچىلىك يىلتىزىنى يۇلۇپ تۇرساق،
ھەقىقەت دەپ مەيدىمىزنى كېرىپ تۇرساق،
جۇڭگونىڭ ئازادچى ئەللىرى بولساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ھەر بىر ئىشتا ئەل خىزمىتىگە ئاساسلانساق،
قوروپ تېخنىكا، ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق،
تەرەققىيات يولىدا ئەزىز جاننى ئاتىساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

مۇتەللىپ، سەن ھەقىقەتنى تارتىنماي سۆزلە،
غەيرەت بىلەن قوزغۇنلار يوللىرىنى تورا،
بۇ يولدا ۋارقىرا، ھەيۋەتلىك قورقماي «ئۇررا»،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

1938 ــ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

***ئىزاھات:***

*(1) مەزلۇملار ــ ئېزىلگۈچىلەر مەنىسىدە. ــ تەھرىردىن.*

## كۆكلەم ئىشقى

يېشىل كۆكلەم، سەن پەسللەر ئەركىسى،
سېغىندىم، سېغىنغاندۇ سېنى ھەر كىشى.
يەنە گۈللەر، بۇلبۇل ۋە سۇمبۇللار،
سېنىڭ نەقىش زىنىنىتىڭدۇر بۇلار ھەممىسى.
يەنە سۇلار شاقىراتمىلار، شوخ شامماللار،
ئەركىلەپ، سۆيۈپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى.
سۈزۈك تاڭ، سۈزۈك كەچ، ئايدىڭ تۈنلىرىڭ،
ئەمگەك كۈنلىرىڭ سىردىشىدۇر دېخان بالىسى.
ئېتىز چىرايلىق، ئېتىز قايناق، ئېتىز يېقىملىق،
ئېتىز ئەمگەكنىڭ كەڭتاشا، ئەركىن سەھنىسى.
قۇش — قۇرۇتلار سازەندە، تورغايلار داپچى،
ئۇرغۇپ جاراڭلار ھەر يەردە ئەمگەك نەغمىسى.
چاپ كەتمەننى، تىلغا يەرنى، تەڭكەش قىلىپ،
شۇ سەھنىنىڭ سەنئەتكارى — دېھقانلار ئاممىسى.
ئانىسى ئۇرۇقچى، قىزلىرى سۆرەمدە، ئائىلە ئىشتا،
ھەر بىر ئايال — داڭدار مېھنەت ئارتىسكىسى.
ئېتىزدا توي، داغدۇغىلىق كونسېرتنى قوي،
كۆكلەم ئىشقى — ياش شائىرنىڭ ئىلھامچىسى.

1938 — يىل ئاپرېل، غۇلجا.

## چىمەن

چىمەن ـ ئىشچان قىز، زادى ھارمايدۇ،
ئىشلەپ كېچە ـ كۈندۈز بىكار تۇرمايدۇ.
ئەمگەك يارىتىدۇ، ئاڭا جان ئاتىدۇ،
خۇشاللىق تاپىدۇ، لايغەزەل بولمايدۇ.

خوراز قىچقارغاندا، تاڭلار ئاتقاندا،
ئىلدام ئېتىز ياققا قاراپ چامدايدۇ.
ناخشىلار ئېيتىپ، تەرلەر ئاققۇزۇپ،
ئىشلاردا ئۈزۈپ، مۆلچەر قامدايدۇ.

كۆمۈش ئايدىڭلاردا، ساپ ھاۋالاردا،
ئورۇپ ئوملار، چوڭلاردىن قالمايدۇ.
ئالتۇن باشلاردىن ئۈنچىلەر تىزىپ،
سۈرەتتەك قىلىپ باغنى باغلايدۇ.

كەينىدە قالغانلار، «ئۇھ» دەپ ھارغانلار،
چىمەن كۈلۈپ قويغاندا ئالغا ئاتلايدۇ.
چىمەنگۈل شۇنداق، بىرىنچى ھەر ۋاق،
ئاھ، ھەممە ئامراق «چىمەن» دەپ يادلايدۇ.

تېخى چىمەنگۈل «بەشىنچى»[1] بۇ يىل،
خۇددى ئۇ بۇلبۇل، كىتابقا قارايدۇ.
سەھنىگە چىقىپ ئوقۇسا ناخشا،
شېئىر يادلىسا، بۇلبۇلدەك سايرايدۇ.

ئوقۇش تۈگىسە، ئاتا ـ ئانىسى كۆنسە،
يەنە مەكتەپتە ئوقۇشنى ئويلايدۇ.
ئىلىم ئوقۇپ نىيەتكە، چۈشىنىپ سىياسەتكە،
ئەل ئارا خىزمەتكار بىر يوللا بويلايدۇ.

چىمەننىڭ مەقسىدى شۇ، ئاگا يەتمەكچى ئۇ،
ئېيتىپ «قوزغال» نى خۇشال ئويناپدۇ.
دەۋر چىمەنلىرى بەرگەندە سالام،
مۇتەللىپ يۈرىگىدە ئىلھام قايناپدۇ.
1938 _ يىل ماي، غۇلجا.

*ئىزاھات:*

*① شائىر بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 _ سىنىپىنى كۆزدە تۇتىدۇ. _ تەھرىردىن.*

# بىز شىنجاڭ ئوغۇل ــ قىزلىرى

بىز شىنجاڭ ئوغۇل ــ قىزلىرى، بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كۆرەش قاينىمىدا ئۆسكەن، كىرسىز ــ پاك قۇندۇزلىرى.
بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كەلگۈسىنى كۆزلەيمىز ھامان.

ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر، ئىشچان باتۇر بىلەكلەر،
دائىم ئالغا ئىنتىلىدۇ دولقۇنلاپ ياش يۈرەكلەر.
ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر،
ئالغا ئاتلايمىز تىنماي ھەر زامان.

ناخشا ئېيتىمىز تارتىنماي، ۋەتەن يولىدا تىنماي،
بىرلىك سەپتە تەكشى ماڭىمىز، بىر ــ بىرىمىزدىن قالماي.
ۋەتەن، ئەل يولىدا تىنماي،
قەھرىمانلارچە ماڭىمىز كۆزلەپ مەيدان.

ئېگىز ــ پەسنى تۈزلەيمىز، يېڭىلىقنى كۆزلەيمىز،
«مەزلۇملار، بىرلىشىڭلار!» دەپ دائىما سۆزلەيمىز.
ئېگىز ــ پەسنى تۈزلەيمىز،
پۈتۈن جۇڭگونى قىلىمىز گۈلستان.

بىزگە قەدىرلىك ئەمگەك، شۇڭا يېپىشىمىز بەك،
ئەمگەك بىلەن ھەر ئىشىمىز ئالغا ماڭار دېگەندەك.
بىزگە قەدىرلىك ئەمگەك،
ئەمگەك بىلەن پەيدا بولار ھۆر ماكان.

بىز كۆرەش يارىتىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان ئاتىمىز،
كۆرەش بىزگە شۇنداق يېقىن، ئۇ ئاتا ــ ئانىمىز.
بىز كۆرەش يارىتىمىز،
كۆرەش بىلەن كېلىدۇ بىزگە چوڭ دەرمان.

سازىمىزنى قولغا ئېلىپ، بىزلىك پەدىگە چېلىپ،
خەلقى ـــ ئالەم دىققىتىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىپ.
بىرلىك پەدىگە چېلىپ،
قويمايمىز يۈرەكتە ھېچ ئارمان.

جەڭ قايىنىمدا قايناپ، جەسۇرانە مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا غالىپ كېلىپ، ئەزىز تۇپراقنى قوغداپ.
ھەر مىنۇتتا غالىپ كېلىپ،
بولىمىز راست ئازادچىل قەھرىمان.

1938 ـــ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# جۇڭگو پارتىزانلىرى

جەڭ قايناملىرى دېڭىزدەك قايناپ تۇرىدۇ،
ئاچكۆز ياپۇنلار بىزگە قارشى سويلاپ يۈرىدۇ.
ياغدۇرۇپ بومبا، چېچىشىپ زەھەرلىك گازلار،
يىرتقۇچ ھايۋاندەك قان ئىچىپ، بويلاپ يۈرىدۇ.
شۇ پورۇقلىغان چوڭ كۆرەش، مەيدان ئىچىدە،
كۆكرەكلەر كېرىپ بارماقتا بىزنىڭ پارتىزانلار.
سوققىلار بېرىپ ھەر قەدەمدە فاشىستلارغا،
قانلار كېچىشىپ ئىنتىقام ئالماقتا ئارسلانلار.
تۈن كېچىلىرى ياتمايدۇ دۈشمەننى كۆزلەپ،
قايتىدۇ جەڭدىن ياۋنى يومۇلتىپ يۈزلەپ.
ئالىي بولغاچقا تىلىگى، قىلماي ھېچ نالە،
كېتىپ بارىدۇ ياپۇنىنىڭ ئاكوبىنى تۈزلەپ.
ئېغىرلىقلارغا چىدايدۇ، ئىزدىن تايمايدۇ،
قىزغىن جەڭلەردە ھەرگىز ئارقىغا يانمايدۇ.
ۋەتەننى ئازادلىق _ ھۆرلۈككە يەتكۈزمەي تۇرۇپ،
كۆرەش كەۋسىرىدىن ئىچىپ يۈرىگى قانمايدۇ.
ئەنە قولىدا جۇڭگو ئەلمى يەلپۈنىدۇ،
«ۋەتىنىم!» دەپ ئالغا قاراپ تەپپۈنىدۇ.
باسقۇنچىلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا
ھەر چامدامدا ئالغا قاراپ تەمشىلىدۇ.
ئىشقا ئاشمايدۇ ياۋنىڭ مەخپى پىلانلىرى،
چۈچىتەلمەيدۇ بومبىلاپ ئايروپىلانلىرى.
كۆتىرىلسە گەر دۈشمەن كۆككە خۇددى قۇشتەك،
چۈشۈرىدۇ تىك، مەرت جۇڭگو پارتىزانلىرى.

1938 _ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

# كۆرەش

كۆرەشنى قىزىتتۇق بىز، ئاخىرقى يېڭىش بىزنىڭدۇر،
كۆرەشكەنسېرى چېڭىش، زەپەرلىك سۈرئەت بىزنىڭدۇر.

كۆرەشكەن ھەر فرونتتا، ھەر دائىما بىزلەر يەڭدۇق،
يېڭىشتە ئالغا مېڭىش، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىزنىڭدۇر.

ئەسىر بويى مەزلۇملار زۇلۇم ـ زۇقۇملار تارتىپ كەلدى،
جاھانگىر ـ جاللاتلارنى يوق قىلىش نۆۋەت بىزنىڭدۇر.

شۇڭلاشقا بۇ كۆرەشنىڭ قايناملىرىغا چۈشتۇق بىز،
ئازادلىقنىڭ يولىدا چىن غالىبىيەت بىزنىڭدۇر.

بۇ كۆرەش ئىقبالىدىن قايناق تىلەك تاغدەكتۇر،
ئەڭ ئاداققى زور يېڭىش، يېڭى ھايات بىزنىڭدۇر.
1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

# جانان ئەيلەر

بۇ كۆرەش مەزلۇملارنىڭ بەختى ـ تەلىيىن گۈلستان ئەيلەر،
ئەزگۈچى، قانخور جاھانگىرلارنىڭ باغرىن كېسەر، قان ئەيلەر.

مەزلۇملارنىڭ قۇدرەتلىك بىرلىك كۈچىن يېڭەلمەيدۇ دۈشمەن،
دۇنيادا ۋەھشىلەر تەختىن قويماستىن چاقار، ۋەيران ئەيلەر.

يورۇقتۇر مەزلۇملار ئىقبالى كۆرەشكەندە ئالغا چامداپ،
گاڭ بىلەكلەر تاۋلانغان، دۇنيانى چاپسان كەڭ مەيدان ئەيلەر.

«قوزغال، ئەمدى قۇللۇقنى خالىمىغان ئىنسان ئەۋلادى»،
كۆرەش، ئالغا چامدا، بۇ كۆرەش بەختىڭنى ئاچار، جانان ئەيلەر.

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

# جۇڭگو

جۇڭگو . . .
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەندۇر،
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئۇماق قوينۇڭدا
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوڭ بولغان.

ئېخ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزداتۇگىمەس قەرزىڭ بار،
ئۇنى بىز مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا جېنىمىز پىدا.
شۇڭلاشقا مانا
كېچىپ دېڭىز ئوخشاش قانلار،
ئىگە بولۇۋاتىمىز
تارىختا كۆرۈلمىگەن ئۇتۇقلارغا.
بىراق، سەن جۇڭگو،
ئويلىساڭ ئىدىڭ،
بىردىن ئۆتمۈش تارىخىڭنى ۋاراقلاپ؛
شۇ چاغ رۇشەن بولاتتى،
سەندە كىملەر
كۈلدى پاراقلاپ . . .
ئاچ، تارىخىڭنى!
سېنى غالجىرلار،
قانخور مەنچىڭلار،
گوشۇڭنى شىلىگەن ئىدى،
ھەم تەييارتاپ جاھانگىرلار

سېنى تەقسىم قىلىپ بۆلگەن ئىدى.
ياپونىنىڭ قارا قاغىلىرى
قونۇپ دەرەخلىرىڭگە،
سېنى ئالداپ ھەر ياندىن چوقۇلىغان ئىدى؛
شېرىن سۆزلەپ،
ھىيلىگەرلىك بىلەن
قېنىڭنى شوراپ قوسىقىنى توقلىغان ئىدى.
«ئالىي جىنىس بىز،
ھاكىمىيەت بىزگە خاس» دەپ،
ئەلگە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇمنى سالدى.
ئەي تارىخ، يانىما!
بولدى سەن ئەمدى ئۆتتۈڭ،
سەن قارا تارىخمۇ . . .
شۇ قارا گەۋدىلىك يىللار بىلەن پۈتتۈڭ.
ئەمدى بىز ئاچىمىز،
ئۆزىمىزنى يازىمىز،
پارلاق، ئاق يېڭى تارىخ بېتىگە.
مانا ئەمدى ھېساب؛
چۈنكى بىز
«ماھىر جۇڭگو ئازادچى قەھرىمانلىرى»
دەپ ئاتالدۇق
ھەم پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا
ئۆچمەس
ئالتۇن سىيالار بىلەن يېزىلدۇق.
مانا شۇنىڭغا دەلىللەر
بىز ئاچتۇق يېڭى يول،
ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەشلەر قىلدۇق.
ئەمەلگە قويدۇق
تارىخىڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشلار.
بىز قۇرۇشقا
ئازاد يېڭى جۇڭگو
ئېتىۋاتىمىز بىر جان،
بىر تەن،

مانا كەلدۇق مەيداندا «گې مىنزۇ»①
ئويلا، چوڭ شەرەپتۇر بىزگە بۇ.
شۇڭلاشقا مانا دۇنيانى چاك كەلتۈرۈپ،
دۈشمەنلەرنى دىر ــ دىر تىترىتىپ
قىلىۋاتىمىز جەڭ.
«فەندى»② بىزدە كۆچلۈك،
بولغاچقا يالقۇنلۇق،
بولالمايدۇ بىز بىلەن ياپون تەڭ.
تېخى ئاتىمىز يانماي،
غۇلاچنى كەڭ.
ئەمدى جۇڭگو،
يېڭى پارلاق تارىخ ئاچ،
بۇ كۈرەش يىللىرىنى ئوچۇق ياز.
قوي بۇ باتۇر يىللارغا
تارىخي كۈرسەتكۈچ قىلىپ
ئاپىرىن، تەھسىن، ئىمتىياز . . .
ياز!
كۈرەش مەنبەسى دۇڭبېي، لوگۇچياۋنى.
ياز ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر
ياش ئەسكەرلەرنى،
ياز! ئارسلانلارنى،
يانماس كۆڭۈللۈك پارتىزانلارنى.
ياز!
ئارقا سەپتە تۇرغان
گۈزەل شىنجاڭنى!
مانا شۇنداق، جۇڭگو،
مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا سېنى قوغداپ،
سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى
قولغا ئالىمىز.
دۇنيادا بىرلا قىلىپ
يېڭى، مۇستەقىل جۇڭگو قۇرىمىز.
جۇڭگودا مەڭگۈ

لەپىلدىتىپ،
تا ئەبەدى چۈشمەس قىلىپ
ئازادلىق تۇغىنى قادايمىز.

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

*ئىزاھات:*

*① «رگې مىنزۇ» ـ شۇ ۋاقىتتا ئازاد رايونلاردىن تارقالغان «ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن ناخشا.*

*② «فەندى» ـ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش. ـ تەھرىردىن.*

# چوڭ كۆرەش قوينىدا

كۆكۈللۈك چاك ــ چاك سايراپ،
تەلپۈنۈپ، خوشلىنىپ ئويناپ.
هايات ياكى مامات
مەيدانىغا چۈشتۇق بويلاپ.

قالمايدۇ يۈرىگىمىزدە ئارمان،
بولساق مۇندا قۇربان.
چۈنكى چېلىش بىلەن بىز
تاپىمىز چوڭ دەرمان.

كۈچلۈك قولىمىز،
كىرسىز پاك يولىمىز.
مەيدىلىرىمىز ساپ گاڭ،
دائىم هۇشيار بولىمىز.

دۇنيانى هەيران قىلىپ،
دۈشمەننى ۋەيران قىلىپ،
چېلىشۋاتىمىز مانا
ياۋنى گۇمران قىلىپ.

ئۇ، دەهشەت، تاجاۋۇزلار،
ئۇ، زەهەرلىك گازلار.
قورقىتالمايدۇ بىزنى
ئۇ، فاشىست ياۋۇزلار.

ئەمدى سەن فاشىستلار،
ئالدامچى، غالجىر ئىتلار.
بوزەكلەرنى چاقالمايسەن
سەن لوجى، پىتلار.

چۈنكى مىليونلىغان ئەل،
باغلىدى مەھكەم بەل.
ھەم ماگدى سۈرئەت بىلەن،
مەيدانىنى كۆزلەپ دەل.

مەقسىدى پەقەت
قۇرۇش سائادەت.
سەن قانخورلارغا
بەرمەك زاۋالەت.

ئەنە چوڭ مەيداندا
ھېسابسىز قەھرىمانلار.
دۈشمەنگە كولاۋاتىدۇ گور
چوڭ كۆرەش قوينىدا.

1938 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا.

# كۆرەش ئىلھامى

ئېغىر يىللارنىڭ ئېيتقۇسىز
قايىنىغان قايناملىرىدا.
ماتروسلارچە ئۈزۈپ
باشتىلا قايناپ پىشتۇق؛
شۇڭلاشقا قاينام سۈيىنى
خۇددى كەۋسەردەك،
ئالاھىدە باھا بېرىپ،
زوق بىلەن يارىتىپ ئىچتۇق.
يەنە بىزنى تۆت كۆزى بىلەن
بەك ساقلاپ تۇرىدۇ،
ئالدىمىزدا پورۇقلىغان
ھەر چوڭ قايناملار.
تېخى بىز قەھرىمانلارچە
چىقىپ، پارچىلاپ ئۆتىدىغان
بار ئالدىمىزدا نۇرغۇن
ئەسكى پۇتلاش تاملار.
شۇڭلاشقا جان دوستۇم،
ھەئە! شۇنداق،
كىچىكىدىن باشلاپ،
ئۆزىمىزنى چوڭغا سالدۇق.
بۇ ئېغىر يىللارنى بىزگە
ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدى.
پەقەتلا ئۆزىمىز
كۆڭۈللۈك خالاپ ئالدۇق.
ئىشەنمىسەڭ يۈرىگىمگە
يېقىن كېلىپ تىڭشا، بېرى كەل!
تۇرىدۇ لاۋۇلداپ خۇددى
يانغان قىزىل چوغدەك.
ئېغىر يىللارنى ئالدىراپ
ئىلدام سۆرەيمەن دەيدۇ،

كۆرەش سىپىي ئالدىدا
لەپىلدىگەن تۇغدەك.
تونۇگۇنلا پۇشۇلداپ،
تەر تۆكۈپ، ھاسىراپ ئۆتكەن،
ئېغىر ئىزلىرىمغا بوگۈن
ئايلىنىپ قارىسام،
سېزەلمەي يورۇپتۇ،
ئوماق چېچەكلەرنى
ھىلىقى سەن ماختىغان
داغلىق، ئۇستا رەسسام.
كۆردۈڭمۇ ئالدىمىزدىكى
چوڭ ئېغىر داۋاننى؟
ئىچىدىكى تىك غار،
تا بىز ئۆتىدىغان يول.
توماق قىرلاپ، يوكنى مورىگە ئارتىپ،
ناخشا ئېيتىپ،
پاكىشىڭ چىقىپ كېتىلى،
دوستۇم، ھوشيار بول.
چوغدەك كۆكۈلگە بىر مۇنچىلا
سۇ قۇيماقچى، بىل.
شۇلارغا، دوستۇم،سەن
سىلىق كۆز بىلەن باق.
بارغانسېرى ئۇلارنىڭ
كۆزلىرى قارغۇلىشىپ،
كۆرەش يىللىرىنىڭ
چوڭقۇر ئورىسىغا چۈشىدۇ جاق.
مانا شۇ چاغ بىز كېچىپ
ئۆتكەن لايلىق سۇلار
قالدۇرىدۇ بىزنى
پەقەتلا . . . ھەيران.
چۈنكى ئاندا تېزىلغان
بولىدۇ تازا لىققىدە،
كۆرەش يىللىرى تەرپىدىن

كۆپ ئۈنچە ــ مارجان.
ئۈنىڭ ئىچىدە ئوينىغان
مىليونلىغان بېلىق،
شۇ ئۈنچە ــ مارجانلارنى
چارىتىپ ئوينايدۇ.
ئېخ! كۆرەشنىڭ ئاداققىسى
مۇشۇمۇ دەپ،
ئېغىر يىللارنىڭ باتۇرلىرى
چۆمۈلۈپ تويمايدۇ.
تېخى تۈنۈگۈنلا تام تۈۋىلىرىدە
توپىغا مىلىنىپ
مەن ئىدىم، دوستۇم،
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ.
مانا بۈگۈن كۆرەش قوينىغا
ئۆزەمنى ئاتتىم،
كۆرەش دولقۇنلىرىدىن
تاتلىق ئىلھاملار ئېلىپ.

1938 ــ يىل نويابىر، غۇلجا.

# كۆرەش سېپىدىن شەپە

خەلقىم ئۇزاق يىللار جەبرۇ ــ زۇلۇملار چېكىپ كەلدى،
زۇلۇم دەستىدە كۆز يېشى دەريادەك ئېقىپ كەلدى.
قانچە رەت قوزغالدى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئىزلەپ،
يېتەلمەي مەقسىتىگە، شۇم قارا تاغلار بېسىپ كەلدى.

ئەمدىچۇ؟ ئازاد ــ ئەركىنلىك ئۈچۈن كەلدى كەڭ پۇرسەت،
ھەممە كۆرسەتكەنچىكە بۇ يولدا چىدام ۋە غەيرەت.
ياغدۇردى ئىستىبداتچىلارغا لەنەت ۋە نەپرەت،
شۇڭا بىز كۈتكەن سائادەت كەڭ قۇچاق ئېچىپ كەلدى.

بىز ھازىر ھەر فرونتتا قىلىۋاتىمىز كەسكىن جەڭ،
ئازادلىق يولىدا ئۈتتەك يېنىپ ئۇن ئۈچ مىللەت تەڭ.
بىر نىيەت ــ بىر مەقسەتتە ئېزىلگۈچىلەر تۇرۇپ يەڭ،
غەلىبىمىزگە تەگكەش بولۇپ زەپەر مارشى يېتىپ كەلدى.

1938 ــ يىل نويابىر، غۇلجا.

# كۈرىشىۋاتىمىز

بىز كونا دۇنيا بىلەن كۈرىشىۋاتىمىز،
ھەر بىر ئىشتا،
ھەر قەدەمدە
چېپىش ياساپ،
بىز ــ بىرىمىزنى سۆرىشىۋاتىمىز.
ئەنە ئالدىمىزدا
ئوتلۇق ۋولقان،
كۆيدۈرىدۇ ئەسكىنى
قىلىپ كۈكۈم ــ تالقان.
قاراڭلار ئەتراپقا،
رەڭمۇ ــ رەڭ، چىپ ــ چىرايلىق
يېڭىشتىن گۈللەر ئېچىلغان.
قاراڭغۇ، قاڭسىق بۇلۇڭلارغا
خۇشبۇي چېچىلغان.
مانا!
كونا دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز،
خۇراپات بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز،
ھەر قەدەمدە سىلىشىۋاتىمىز.
شۇڭلاشقا،
ئۆلكىمىزدە ئىستىقبال چېچەكلىدى،
بىز بۇلبۇل بولۇپ
سايراۋاتىمىز،
ھاياتقا ئىشقى ــ شوقىمىز بىلەن قاراۋاتىمىز،
خەلق خىزمىتىگە ياراۋاتىمىز.
ئەسكىلىكلەر ئورنىغا يېڭىلىقلار،
كۆرۈۋاتىسىلەر، قاداۋاتىمىز.
ئىستىبداتچىل چىرىك نىيەتلەرنى
تارمار ئەتتۇق،
يەنە ئەتمەكچىمىز.
ئەنە!

جاھانگىر ياپۇنلارنى
قانلىق مەيداندا دىر ــ دىر تىترەتتۇق.
بەلنى باغلاپ،
چاغنى چاغلاپ،
ئىش مەيدانىغا ئىرغىدۇق.
ئىشلەيمىز،
يېڭى ھايات مېۋىسىدىن چىشلەيمىز.
ئۆمۈر بويى نۇر چاچار،
بىز كۈتۈۋاتقان مەڭگۈ ئازادلىق
مەزلۇملارغا بەخت ئىشىكىنى كەڭ ئاچار.
ئۇنىڭ بىلەن بىز
خوراپاتنىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇيمىز.
بىزنى كۈتمەكتە
پارلاق ئىستىقبال؛
خوش، خوش . . . كونا دۇنيا،
سېنىڭ بىلەن كۆرىشۋاتىمىز.

1939 ــ يىل مارت، غۇلجا.

## ئىشلە، دېھقان ئاكا

بۇ منۇت ــ سېكۇنت تازا ئىشلەشنىڭ چېغى،
ئەمگەكچى، باتۇر دېھقىنىم، تىنماي ئىشلە.
كەڭتاشا ئېتىز ساپ ئەمگەكنىڭ بېغى،
ۋاق يېتىپ قالدى، خوشناڭدىن قالماي ئىشلە.

ئېيتقىن ناخشاڭنى ھاۋالاردا لەيلىسۇن،
دوستلىرىڭ كۈلۈپ ئاھاڭغا زوق ئەيلىسۇن،
چېپىپ كەتمەننى، باتۇر قولۇڭ تالمىسۇن،
ئەمگەك بىلەن دۇنيا جەننەتلىگىن ئاڭلىسۇن.

ناخشاڭغا مۇڭداش بوپ دوستۇڭ بوز تورغاي،
ئۇمۇ چىرىلداپ ناخشىسىنى ئېيتقاي.
قۇچاغلىشىڭلار، مۇڭدىشىڭلار دەرتمەنلەر،
كەڭ ئېتىز جىلك ئەمگەكنىڭ ۋايىغا تولغاي.

بىلىڭنى باغلاپ، تۇرۇپ پۇشقاق ــ يېڭىڭنى،
ئىشلە قىلىشماي، يەرگە قويماي كەتمىنىڭنى.
شۇ چاغدا مايلىق پولوغا تېگىشمەيسەن،
ماڭلايدىن تامچىلاپ تەر ئاققاندا يېگەن نېنىڭنى.

ئەمگەك بىلەن بىز خۇشال ــ خورام ياشايمىز،
كۆڭۈلدىكى چوڭ ــ چوڭ ئىشنى باشلايمىز.
بۇ قايناملاردا پىشقان باتۇر بىلەكتە
جاھانگىرلارنى يىلتىزىدىن بولۇپ تاشلايمىز.

1939 ــ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

# كۆرەش دولقۇنلىرى

كۆرەش دولقۇنلىرى قايناق، غۇلاچ تاشلاپ ئۈينايمىز،
كۆرەش بىلەن دىلدىكى مەقسەتلەرنى ئورۇنلايمىز.
جۇڭگو ئازادلىغى شەكسىز گەۋدىلەندى كۆرەشتە،
تېخى دۇنيا يوقسۇللىرىنىڭ تويلىرىنى ئۈينايمىز.
يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدە ئېغىر يىللار شۇنچە كۆپ،
شۇڭلاشقىمۇ بۇ كۆرەشكە ھىلىتىنلا تويمايمىز.
يولىمىزدا پۇتلاش قالدۇق ــ ئەسكىلىكلەرگە ھۇجۇم،
چۇڭگا ــ چاتقال، لوجىلارنى ھېچ قالدۇرماي ئۆرتەيمىز.
جىلىك تارىخ كۆرسەتتى بىزگە كەلگۈسى ھەم ئۆتمۈشنى،
ئالدىنقىسى تازىم قىلدى، زادى يەتمەي قويمايمىز.
ئۆتۈپ بىردىن قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتە يېڭى باغلار،
چېلىش بىلەن ئالغا يۈگرەش يوللىرىدىن يانمايمىز.
ئەمگەك سۆيەر ئىنسانلار بۇ كۆرەش تەرەپدارى،
شۇڭا كۆرەش ناخشىسىنى بىز دائىما توۋلايمىز.
بەخت ياكى بەختسىزلىك ئەمەس ھېچ ۋاقىت پىشانىدە،
تىرىشچانلىققا باغلىق، شۇڭا «ئالغا» نى بويلايمىز.
كىملەر ئۇ ئىكۋاتور بويلاپ زۇلۇم ئاستىدا ياتقان،
ئاھ . . . شۇلارنى ئويلاپ بوغۇن تىپىرلاپ تۇرالمايمىز.
كۆپچىلىك ئېزىلگۈچىلەر ھەممىسى بىزنىڭ ياقتا؛
توختا، ئالدىرىما . . . يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنى قۇچاقلايمىز.
قاقاس چۆللەردە ئاتىدۇ شۇ چاغ كۆرەش چېچىگى،
ئۇلار ئارىسىدا خۇددى كۈن نۇرىدەك پارقىرايمىز.
ئۆتۈپ بىردەك قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتە يېڭى باغلار،
كۆرەش دولقۇنلىرى بىلەن ھۆرلۈك تۇغىنى قادايمىز.

1939 ــ يىل ئىيۇن، غۇلجا.

# خوش[1]

ئۆسكەن يېرىم، مېنى كەتتى دەپ زادى زارلانما،
ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، بىز بارىدىغان شەھەرنى.
يېڭى ھايات نۇرلىرى، ئەرك غۇنچىلىرى،
ئېچىلىپ دولقۇنلاپ قايىنىغان شەھەرنى.

كۆرسەڭ ئىدىڭ، شەھرىم، ئاندا مەكتەپ، ئالىي جايلارنى،
ئاندا زېرەك، چىۋەر، تەكشى ئۆسۈۋاتقان كۈچلەرنى.
ئاندا كۆرەش، ئاندا قايناش، شەرۋەتلىك باغلار،
ئاندا پىشىپ، ئاندا مەي بولۇپ كېلىۋاتقان يېمىشلەرنى.

مانا بۈگۈن مەنمۇ شۇ دولقۇننىڭ كەڭ قوينىغا،
قىپ يالىڭاچ بولۇپ ئۆزەمنى ئاتىمەن.
شۇ شەھەردە ئوزۇق ئېلىپ دىلىمغا،
تاۋلىنىپ، يۈرەككە يېڭى كۈچلەرنى تاپىمەن.

ئېخ! . . . دولقۇنلۇق ئۈندىكى قاينام نامايىشلار،
قان بېرىدۇ يۈرەككە، قىلىدۇ دىلنى مەپتۇن.
قارا مۇشت قوللار سوزۇلغاندا تۇغلارغا،
سۈرۈلگەندى قېچىپ ئۈندىمۇ قاپقارا تۈن.
..........................
كېلەرمەن يېڭى قۇۋۋەت تولاپ يۈرەككە،
ئۆلكەمنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۈچۈن.
بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە،
ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۈچۈن.

مەن كەتسەم، مېنىڭ ئورنۇمغا مىڭلىغان ياشلار بار،
بىزدە ھازىر، شەھرىم، ئورۇن قالماس ھەرگىز بوش.

سەنمۇ زادى چىقمايسەن ئېسىمدىن ئەسلا _ ئەسلا،
مەن كەتتىم ئۇ شەھەرگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىم، خوش!
1939 _ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

*ئىزاھات:*

*① شائىر بۇ شېئىرىنى 1939 _ يىلى 8 _ ئاينىڭ 20 _ كۈنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان ۋاقتىدا يازغان، شېئىر «ئىلى گېزىتى» دە بېسىلىپ چىققان. _ تەھرىردىن.*

## قىزىلگۈلگە پۈركەنگىچە يەر ـــ جاھان

بىز باشتىلا كۆرەشنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغان،
شۇڭلاشقىمۇ كۆرەشنىڭ سازىنى جاراڭلىتىپ چالغان.
ئازادلىق، ئەركىنلىك دەپ ھەممە بىردەك تەڭ قوزغالغان،
ھەئە . . . تۈنۈگۈن جۇڭگو «ئەپيۇنكەش» نامىنى ئالغان،
شۇنداق، ئۇ قانچە ۋاقىت مۈگىدەپ تاتلىق ئۇيقۇدا قالغان.

بۈگۈن ئۇ داغلىرىنى يۇيۇپ، بىرمۇ ـــ بىر تازىلاپ،
تۈكۈرۈپ ئۆتمۈشكە، كەلگۈسگە بېلىنى باغلاپ.
ئىككى يۈزلۈك ساتقۇنلارنىڭ زەربە بىلەن گېلىنى داغلاپ،
ئۇ غىجەكنى ئازادلىق مۇقامىغا تەڭكەش قىپ سازلاپ،
ئېغىر يىللاردىن يانماي، ئالغا قاراپ ئاتلار سالغان.

ئازادلىق ئۈچۈن چوغدەك يانغان بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلەر،
قانلىق فرونتتا قىلىچ ئوينىتىپ تالمىغان بىلەكلەر.
ئالدىغان ھوسۇل ئۈچۈن مەيلى تۆكۈلسۇن ئەمگەكلەر،
لېكىن ھەر چامدامدىمۇ ئورۇنلانماقتا ئالىي تىلەكلەر،
بۇ يولدا ئاكوپلاردا قۇربان بېرىپ چالدۇق باراban.

كۆرەشكە دەپ تاشلىغان ھەر بىر قەدەم شۇنچە ئۇتۇقلۇق،
بىرلەپ ئۆلسەك بۇ يولدا، چېچەكلەپ مىليونلاپ ئۈندۇق.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇشچۈن سىمۇنتتىن چىڭ ئۇللار قۇردۇق،
چىڭ بولسۇن دەپ قان بىلەن سۆڭەكلەردىن خىشلار قۇيدۇق،
چېلىشىمىز بىز قىزىلگۈلگە پۈركەنگىچە يەر ـــ جاھان.
1939 ـــ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

# ئازادلىق تويى

چوڭ دېڭىز ئۆركەشلىنىپ ھەر قاچان، ھەر چاغدا
پەيدا قىلىدۇ دولقۇنلۇق، ئۇلۇغ تەۋرەشنى.
دەل شۇنداق، دۇنيا تارىخىنى بىر ــ بىر ۋاراقلا،
ئۇچرىتالمايسەن مۇنداق قۇتلۇق كۆرەشنى.

لاۋۇلداپ يېنىپ، چاچراپ كۈچلۈك ئۇچقۇنلار،
يانمۇ ــ يانلاردىن ئەزگۈچىلەرگە ئوت چاچماقتا.
يەنە تۇتىشىپ، ئۇچقۇنلاردىن چىقىپ يالقۇنلار
بوزەكلەر تەلمۈرگەن بەخت ئىشىگىنى ئاچماقتا.

ئەنە، دەھشەتلىك ئوت، قانلىق فرونت ــ بىزنىڭ مەيدان،
بوزەكلەرنىڭ ئازادلىق تويى قىزىماقتا.
ئۈستۈن بولسۇن دەپ، توي شەرىپىگە بېرىپ قۇربان،
توي داغدۇغىسى دۇنيا بويى يېڭى تۈس ئالماقتا.

چۈنكى تۆت يۈز مىليون خەلق[1] ئەنە،
قىنى ــ قېنىغا پاتماي شۇ تويىنى ئويناۋاتىدۇ.
يېڭى جۇڭگو بىلەن ئازاد گۈلنى جۈپلەشكە
ياۋنى تىترىتىپ، جۇڭگو خەلقى قايناۋاتىدۇ.

ئازاد گۈلنى بەرمەيمەن دېگەن قارا كۈچلەر
شۇ تويچىلار ئارىسىدا دەسسىلىپ ئۆلمەكتە.
ئېلىنىۋاتقاچقا قارا كۈچتىن تارىخىي ئۆچلەر،
ئازاد گۈلگە يېقىنلىشىپ تويچىلار كۈلمەكتە.

بىر ــ بىرى بىلەن قول تۇتىشىپ گومىنداڭ، گوڭچەنداڭ[2]
ئۆلەن ئېيتىشىپ تويىنى باشلاپ، ئالغا يول سالدى.
ئازادلىق چېچەكلىرىنى تېرىپ ھەر يان،
كۆرەشكە ئاتقان ھەر غۇلاچتا ئۇتۇقنى مول ئالدى.

تۇندىن قۇتۇلۇپ، چوغدەك ياز تېڭى ئاتقاندەك،
ھەر بۇلۇڭدا تاڭ شولىسى، بىز سىگنال بەرگەچكە:
بوزەكلەر دۇنياسى داۋالغۇپ خۇددى دېڭىزدەك،
مەۋج ئۇرۇپ قوزغالدى، كۆتكەن مىنۇتلار يەتكەچكە.

ئەزگۈچىلەر دۇنياسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ئازادلىق بېغىغا شۇنداق كىرىپ جايلىشىمىز؛
ھېلىقى كۆتكەن يېڭى جۇڭگو، يېڭى تۇرمۇشنى باشلاپ،
دۇنيا ئىزىلگۈچىلىرى بىلەن مەڭگۈ قۇچاقلىشىمىز.

1939 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

*① شۇ يىللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ ئومومى نوپوسى 450 مىليون ھېسابلىناتتى. ـ تەھرىردىن.*

*② ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ بىرلىكسەپ تۈزگەن ئىدى. ـ تەھرىردىن.*

# باتۇر يىللار

## _ يېڭى يىلغا بېغىشلاپ

تىترەك، بەزگەك، بىزەڭ يىللارنىڭ بېشى ئۈگۈلىنىپ،
كۆرەشچان باتۇر يىللارغا ئايلىنىۋاتقاچقا؛
ئېغىرلىقلارغا چىدام، گاڭ ناخشىلار بېغىشلاپ،
كۆرەشكە غۇلاچنى سوزۇپ كەڭ _ كەڭ ئاتقاچقا؛
كېتىپ بارىمىز مانا بىزنىڭ چىڭ دەسسەپ ئالغا ئاتلاپ،
كۆزلىگەن مەقسەت _ يېڭى جۇڭگو، يېڭى تۇرمۇشقا.

كۆزى ياش، بەدىنى قان، ھەسرەتلىك قارا كۈنلەرنىڭ
قۇلىقىغا گۈللەر قىسىپ، يېشىنى سۈرتۈپ كۈلدۈردۇق؛
ھېچ مەيۈسلەنمەي قولدىن كەتكەن ئۇلۇغ شەھەرلەرگە،
دېدۇق كۈلۈپكىنە، بەلكى ۋاقتلىق بېرىپ تۇردۇق؛
ئۇلۇغ ھېكمىتى بار ئۇچۇن ۋاقتلىق چېكىنىشنىڭ
ئالدى ھەم ئارقىدىن ئوراپ دۈشمەنلەرنى قىردۇق.

«ياپ ھەل قىلىش»[1] پىلانى ئالللىقاچان بىتچىت بولغاچقا،
«ياپ سۈلھ ياساش»[2] زەھەرلىرىنىمۇ چېچىپ باقتى.
جۇڭخۇا خەلقى كۈن ساناپ ئۆچلەپ ئۆسۈۋاتقاچقا،
ئۇ پىلانلارنىمۇ پاچاق _ پاچاق قىلىپ چاقتى.
ئادالەتلىك ئۇرۇش بىلەن دۈشمەنلەرنى يەكسان قىلىپ،
خەلقىم ئاداققى غالىبىيەت مەنزىلىگە قاراپ ئاقتى.

1940 _ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

*ئىزاھات:*

*①② «ياپ ھەل قىلىش» ، «ياپ سۈلھ ياساش» _ بۇلارنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىستىراتېگىيىلىك شوئارى بولۇپ، ئۇلار «چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، تېز غەلبە قىلىش» نى خام خىيال قىلغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «سۈلھ قىلىش» پىلانىغا ئاساسەن خائىن ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «قورچاق مانجۇگو» دۆلىتىنى قۇرغان بولسىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. جىياڭ*

*جىبىشى ئەكسىيەتچىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن «سۇلھ» قىلماقچى بولسىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شائىر بۇ شېئىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئەنە ئاشۇ پىلانلىرىنىڭ بىتچىت بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ــ تەھرىردىن.*

# مارشلار①

## يېتىپ باردۇ

يېرى كەڭ بايلىقى مول شىنجاڭ،
مانا سوزۇلۇپ، پارقىراپ ياتىدۇ.
كەڭ ئېتىز، قىر ــ ياۋان دالالىرىدا،
چىمەنلەر دائىم چېچەك ئاتىدۇ.

ھەممە مىللەت ئەركىن، كەڭ دەم ئېلىپ،
سائادەتسىرى كېتىپ باردۇ.
خۇشال ــ خورام سازلىرىنى چېلىپ،
بەخت قوشىقىنى ئېيتىپ باردۇ.

تاۋلىدى بىزنى كۆرەشچان يىللار،
كۆرەشتە خەلقىم يېڭىپ باردۇ.
ھەر قەدەمدە باشلاپ يېڭى قورۇلۇش
مەنزىلگە تېز يېتىپ باردۇ.

1940 ــ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ئازادلىق كۆرەش

ئازادلىق كۆرەشنىڭ شانلىق دېڭىزى
دولقۇنلاپ تىنىك قىرغاقلارغا تاشتى.
كۆرەشكە ئامراق بۇ جۇڭگو خەلقى
ئازادلىققا كەڭتاشا ئىشىك ئاچتى.
قايتارما:
دولقۇنلار ئارىسىدا راست قايناپمىز،
چېكىنمەيمىز، يانمايمىز، ئالغا چامدايمىز.

يېڭىش گېزىكى شەكسىز بىزنىڭ بولغاچقا،
كۆرەشنىڭ سىرلىرىنى ئوبدان ئۆگەندۇق.
هەر دوقمۇشتا «ئۇررا» ۋارقىراپ چامدىدۇق،
يەر، هاۋا، سۇدا ئۈستۈنلۈك قازاندۇق.
قايتارما:
دولقۇنلار ئارىسىدا راست قايناپمىز،
چېكىنمەيمىز، يانمايمىز، ئالغا چامدايمىز.
1940 ـ يىل.

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى، باغلاپ مەككەم بەل.
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۆرەش مەقستىمىزنى قىلغۇسىدۇر هەل.
..........................
*
ۋەهشى فاشىزىمغا قارشى
ئالغا باسار دۇنيا، قوزغال!
ئېيتىپ كۆرەش مارشىنى،
قوزغال، قولغا قورال ئال!

*ئىزاهات:*

*① بۇ ماۋزۇ ئاستىدا بىرىلگەن تۆت پارچە شېئىر ئۆز ۋاقتىدا ئاهاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلغان، شىنجاڭنىڭ هەممە جايلىرىغا تارقىلىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشى بولۇپ قالغان ئىدى. ـ*

## جۇڭگۇ قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇقى

بىر شائىرغا تەقلىد

ئەي، شوخ مارت شامىلى، توختا!
لىجىلىڭ!
ئەركىلىپ يېنىمدىن يەلپۈپ ئۆت!
بۇيرۇغۇمنى ئاڭلا!
دۇنياغا:
ياۋروپا،
ئامېرىكا
خوتۇن ــ قىزلىرىغا
ئاپىرىن تۇت!
چېلىشسۇن ئۇلار،
فاشىزىمغا ئېچىپ ئەجەللىك ئوت!
مارت شامىلى،
ئازاد خوتۇن ــ قىزلار شەۋكىتىنى
ئۆچمەس تارىخ ۋاراقلىرىغا پۈت!
بىز تەرەپتە كۈللى كائىنات،
بەس، بىزنىڭ غالىبىيەت.
چۈنكى بىز تەرەپتە
ئادالەت . . .
مۇساۋەت . . .
ھۆر ــ ئەركىن،
بەخت سائادەت.
1940 ــ يىل، مارت، ئۈرۈمچى.

# مۇخەممەس

چارچىدىم، چارچىمايسەن، ئەرك دەپ بىلىم باغلانغان،
ئەسكىلىك قايىنغان زاماندىن تېنىم مەجرۇھ ـــ داغلانغان.
كۆرەش سىپىنىڭ ئەزاسىمەن، قەلبىم ئوت بولۇپ يانغان،
قوشۇلۇپ كەڭ مەزلۇملارغا ئازادلىق سازىنى چالغان،
چېكى سۆكۈلگەن دۇنياغا نەپرەت كۆزۈمنى ئالايتقان.

«ئەپيۈنكەش» دەپ ئاتىلىپ جۇڭگو مەھكۇملۇق دەردىنى تارتتى،
زۇلۇم سولۇكلىرى مەنچىلىك، گومىنداڭ ئەلنى يىغلاتتى.
كۆرمەي بىزنى ئادەم قاتارى جاھانگىرلارغا ساتتى،
جاھانگىرلار يەلكىمىزگە زۇلۇم يۈكلىرىنى ئارتتى،
زاماندىن كۆرمىدىم شەپقەت، نەپرىتىم قايىنغان ۋولقان.

مىللەتلەرنىڭ تەكشى ياشاش مەزگىلىنى بەك خالايمەن،
ئازادلىقنىڭ مەنزىلىنى بويلاپ ماڭدىم، ھېچ ھارمايمەن،
شوخ سازىمنى ئازادلىقنىڭ مارشىغا تەڭكەش سازلايمەن،
مەن جەڭگىۋار جۇڭگو ئوغلى، ئىرادەمدىن ھېچ يانمايمەن،
تەشنا بولۇپ شاد تۇرمۇشقا، بەس، مەن كۆرەكنى ياققان.

ئازاد قىلىپ بۇ جۇڭگونى، گۈللىتىشتۇر چىلىك ئەھدىمىز،
خەلق ئالسا ئەركىن نەپەس، شۇ بىزنىڭ ئالىي بەختىمىز،
بۇ كۆرەشچان ئۇلۇغ ئەلنىڭ ۋەتەن سۆيەر پەرزەنتى بىز.
بىز تاۋلاندۇق جەڭلەر ئارا، ياۋلار غەلبە ناخشىمىز،
چېلىش بىلەن ئالغا ئاتلاپ، بىز قۇرىمىز يېڭى دەۋران.

ئاۋازىمىز جاھان بويلاپ كەتسۇن، ھەقنى بىز سۆزلەيمىز،
ئۆملىشىپ چىلىك ئىبزىلگەن ئەل بىر مەقسەتنى كۆزلەيمىز.
ئىسيان كۆتىرىپ ئۈستىدىن بىز كونا دۇنيانى تۈزلەيمىز،
غۇلاچ تاشلاپ كۆرەشلەردە ھۆر ـــ ئازادلىق ئىزلەيمىز،
كۆرەش ھامان بېغىشلايدۇ بىزگە نۇسرەت ۋە دەرمان.

1940 ـــ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# ماي ناخشسى

ماي ئېيىدا تەبىئەت خۇش سازىنى چالغاندا،
كىشىلىكنىڭ پارلاق كۉرىشى پورۇقلاپ قاينىغان.
قوزغىلاڭلار، نامايىشلار كەڭ تۉس ئالغاندا،
زالىملارنىڭ چىرىك دۇنياسى زەربە چايىنىغان.

ھېچبىر يانماي كەينىگە قورالىق توقۇنۇشتىن،
ئەرك باتۇرلىرى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا تاخلىغان.
سىگنال بېرىپ باشلاپقى كەسكىن يۉرۉشتىن
ھېچبىر ئۆچمەس، مەڭگۉ كۆمۉلمەس ئىزلار قالدۇرغان.

زۇلۇم، ئۆلۉم قايىنىغان جايلاردا ئېزىلگۉچىلەر
ئۆتكۉزىدۇ ئۆز بايرىمىنى، جالالاتلار ئۇرسىمۇ.
تووۋلاپ كۆرەشچان شۇئارلار، قايىنىتىپ كۆرەشلەر،
ئۆتكۉزىدۇ، كىشەنلەر بىلەن قاپساپ تۇرسىمۇ.

مىليونلىغان جۇڭخۇا خەلقى كۆرەشچان ماينى
قاينام فورنت، جەڭلەر ئىچىدە قارشى ئالىمىز.
پۉركۉپ كۆرەش ئۇچقۇنىغا ئېزىلگۉچى ھەر يانىنى،
سىگنال بېرىپ بىز دۇنياغا، سازىمىزنى چالىمىز.

باتۇر يىللار قوينىدا ھامان ئالغا ئىنتىلىپ،
ھېچ ئەيمەنمەي داغلاردىن تىركىشىش باسقۇچىغا يەتتۇق.
ئاتاكىغا كۆچىمىز، يېڭىش تۇغىنى لەپىلدىتىپ،
ئاتاكا! . . . دېمەك، دۉشمەننى قوغلاش ۋەتەندىن سۉرۉپ.

ئەنە! ھىندى، ئىسپان، ھەبەش تاغ چوققىلىرىدىن
دات ـ پەرياد، زارلىنىش ئاۋازى دەيدۇ ئىنتىقام!
شۇلارغىمۇ ئازادلىق فرونت ـ ماي شامالىرىدىن،
كۆرەشچان جۇڭگۇ يوللايدۇ قىزغىن ئازادلىق سالام!
1950 ـ يىل 1 ـ ماي، ئۉرۉمچى.

# كەل، يېڭى يىل

خوش، كونا يىل، بىز بىلەن سەن خېلى زامان يۈرۈپ كەلدىڭ،
كەل، يېڭى يىل، بىزلەرگە سەن شەرەپ _ شانلار ئېلىپ كەلدىڭ.
كونا يىلغا قويۇپ چېكىت، باشلا يېڭى ئىشلارنى دەپ،
يېڭى ئۇتۇق مەيدانىدىن خوش خەۋەرلەر قىلىپ كەلدىڭ.
تىركىشىش ئاتاكىغا[1] كۆكرەك كېرىپ ئۆتكەندە بىز،
شەك _ شۈبھىسىز، قەتئىي كۆرەش سازىنى سەن چېلىپ كەلدىڭ.
نەس ھاياتى ئاخىرلىشىپ جان تالاشقان جاھانگىرنىڭ
كۆزىگە ئوق، كۆكرىكىگە نەيزىلەرنى ئېتىپ كەلدىڭ.
بېرىپ زەربە جاھانگىرلىك باشلىغان شوم ئۇرۇشلارغا،
مەزلۇملارنىڭ قەلبىگە شاد _ خۇشاللىقنى سېلىپ كەلدىڭ.
يېڭىلمەيدۇ ھەق _ ئادالەت، سازى ھەردەم جاراڭلايدۇ،
ھەقىقەتنىڭ گۈرزىسىدا دۈشمەن كۆكسىن تىلىپ كەلدىڭ.
كەل، يېڭى يىل، سېنى ئۇتۇق گۈللىرىگە پۈركەيلى بىز،
سەن بىز ئۈچۈن شان _ ئۇتۇقنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ كەلدىڭ.

1941 _ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

*(1) شائىر بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىدىن ئاتاكا (ھۇجۇم) باسقۇچىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى دېمەكچى. _ تەھرىردىن.*

# چوڭ قەھرىمان ئويغاندى[1]

شۇنداق، بۇ زور بۈيۈك كىشى ئۇزۇن يىللار ئۇخلاپ ياتتى،
دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە پۇتلىرىنى ئۇزاتتى.
«ئۇخلاۋەرسۇن، ئويغانمىسۇن» دېدى قېرى قانخور[2] غالجىر،
تىرىك قىرغۇچ ئەپيۇننى زورلاپ ئۇنىڭغا ساتتى.
ئۆمۈچۈكلەر[3] قان شوراشقا بىر ـــ بىرىدىن قىزغىنىشىپ،
تىرىكتاپلىق تورلىرىنى ھەر تەرەپكە توقۇپ تارتتى.
بۇ شوراشقا چىدالماستىن تىپىرلىسا نەچچە قېتىم،
ئۆمۈچۈكنىڭ مالايلىرى «شېرىن» سۆزلەپ ياۋاشلاتتى.
ئۆمۈچۈكلەر تىكەنلىك پۇت بىلەن چەيلەپ يۇرسىمۇ گەر،
لېكىن ئۇنىڭ چىن ئىنسانلىق نامى مەغرۇر جاراڭلايتتى.
ساپ قان شوراپ قوساق سالغان ياپۇن پاكار غالجىرلىرى،
بۇ زور كىشىنىڭ يۈرەك ـــ باغرىن سۇغارماق بوپ كۆز ئالايتتى.
ھەر بىر ئىپلاس تۈككىگە ئوق، زەھەرلىك گاز، بومبا ئېسىپ،
بۇ ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە شۇم تىكەنلىك قول ئۇزاتتى.
لوگوچىياۋغا[4] دۈشمەن ئاتقان توپ زەمبىرەك ئاۋازلىرى
ئۇخلاپ ياتقان زور كىشىنى ئۇيقۇسىدىن دەل ئويغاتتى.
قانغا بوياپ، «يات ھەل قىلىش» دېگەن پىلان ـــ ۋارقىراشلار
چوڭ قەھرىمان يۈرىگىدە ئوتلۇق غەزەپلەر قوزغاتتى.
«قۇللۇق نومۇس» ، «ئۇخلاۋېرىش مىراس ئەمەس ماڭا» دەپ ئۇ،
باغلاپ كۆرەش كەمرىنى مەيدان ئارا ئات ئوينـاتتى.
«ئۆلۈم ياكى كۆرۈم» دەپ ئۇ چوڭ كۆرەشكە باستى قەدەم،
شۇ چاغ گويا كۆز ئالدىدا ئازادلىقنىڭ تېڭى ئاتتى.
كۈچلۈك بىلەك، گاڭ قوللاردا مىجىقلاندى شۇم چىۋىنلەر،
تاغ كۆتەرمەك بولغان چىۋىن شۇ چاغ پاتقان ئىچرە پاتتى.
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئىسكىلىتكە ئايلانغان ئىلانلار
يالۇجياڭنىڭ قاينىمىدا يول تاپالماي بېشى قاتتى.
چوڭ قەھرىمان چالدى مانا ئاتاكىنىڭ سىگنالىنى،
غالىب جوڭخۇا تۇغىنى ئۇ ئازاد مەيدانغا[5] ئورناتتى.

1941 ـــ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھات:

① چوڭ قەھرىمان _ شائىر بۇ شېئىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى «چوڭ قەھرىمان» غا ئوخشاتقان، شائىرنىڭ بۇ شېئىرى شۇ يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى تەھرىرلىكىدە نەشىر قىلىنغان «جاھانگىرلىككە بىرلىكسەپ» ژورنىلىنىڭ 1941 _ يىل 6 _ ئايلىق سانىنىڭ ئۇيغۇرچىسىغا بېسىلغان.

② قىبرى قانخور _ ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

③ ئۆمۈچۈكلەر _ خەلقئارا جاھانگىرلار دېگەن مەنىدە.

④ لوگوچىياۋ _ لوگوچىياۋ كۆۋرۈكى.

⑤ ئازاد مەيدان _ ئازاد رايونلار كۆزدە تۇتۇلغان. _ تەھرىردىن.

# دوستۇمغا①

1

راۋابىڭنى كۆرەش مۇقامغا سازلىمىساڭ،
كونا مۇقامىڭ، دوستۇم، قۇلاققا خوشياقماس.
باغ ياساپ، گۈللەر تېرىپ، ياشناتمىساڭ،
غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

ئاھ ــ دات ئېيتىش ئۆتمۈشنىڭ مىراسى ئۇ،
ئۇ مىراستىن كىشى ھېچ بىر ئۈلۈش ئالماس.
كۆرەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۆرەشچانلار فرونتىنىڭ كەينىدە قالماس.

1941 ــ يىل، قەشقەر.

2

دوستۇم، ياشلىق شوخلۇقلىرى بىلەن،
بولما بەڭۋاش،
يېتەر ئەمدى خوشلاشقىن.
ئادەم بولۇش يولىغا كىر، يۈرەك زوقلۇقلىرى بىلەن
چۆش مەيدانغا، غەپلەت ــ نادانلىق بىلەن مۇشتلاشقىن.

ئادەم ــ ئۇ مەغرۇر جاراڭلىغۇچى ئۇلۇغ نەرسە،
قاراڭغۇ ئىچىڭنى ساپ ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقىن.
كېچە ــ كۈندۈز تىنماي ئوقى، ئوقى، ئوقى!
يېڭى جەمئىيەتكە لايىقلىششقا ھەردەم تىرىشقىن.

بۇۋەكلىك مۇقام پەدىلىرى پايدىسىز ئەمدى،
راۋابىڭنى يېڭى مۇقام ــ پەدىلەرگە سازلاتقىن.
بىر سېكۇنت ۋاقىت، بىلسەڭ، ئالتۇندىن قىممەت،
ئىچىل، يېيىل، يېڭى ياپلاقتا كۆڭلۈڭنى ياپلاتقىن.

بىل، جەمئىيەتنىڭ توختىماي ئالغا بېسىشىنى،
سەن ھەم زىيانلىق تۇتىمەن دېيىش قۇيرۇقتىن.

ئۆگىنىپ ئىلىم ــ ئېرىپان، يېڭى باغلار قۇر،
بۇ باغقا زىيانلىق شۇمبۇيىلارنى قۇرۇتقىن.

ئادەم ــ ئۇ مەغرۇر جاراڭلىغۇچى ئۇلۇغ نەرسە،
قەلبىڭنى ساپ مەدەنىيەت نۇرى بىلەن يورۇتقىن.
1941 ــ يىل 16 ــ ئۆكتەبىر، قەشقەر.

***ئىزاھات:***

*① بۇ ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن ئىككى شېئىرنى شۇ يىللىرى شائىر ئىكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا قەشقەردە يازغان. بىراق شائىرنىڭ بىرىنچى شېئىرى بىر قانچە كۇپلېت بولسىمۇ، باشقا كۇپلېتلىرى تېپىلمىدى. ــ تەھرىردىن.*

# يەنە ئويغان

ھەر ياققا نەزەر سالغىن، ئەۋج ئالدى كۆرەش قايناق،
مىليونلاپ تۇكۆلدى مۇشت ئازادلىق دەپ، شۇئار ياڭراق.
چىرىگەن كونا دۇنيا ھالاكەتكە قەدەم قويدى،
كۆيدۇرمەككە تەختىنى غەزەپنىڭ ئوتلىرىنى ياق.

ئۇلۇغ جۇڭگو، بولۇپ تەشنا ئازادلىققا ئاياق باستىڭ،
يۇيۇپ داغىنى، كۆرەش بىلەن توختىماي داۋان ئاشتىڭ.
ئېزىلگەن ئەلنى ئويغىتىپ، ئازادلىق چېچەكىن چاچتىڭ،
قۇرۇشقا يېڭى ھايات، چۇقانىنى سېلىپ ياڭراق.

ئەسىرلەر زۇلۇم ـ كۈلپەت دەردىنى تارتىپ كەلدۇق بىز،
نادانلىق بۇشۇگىدە، غەپلەتتە يېتىپ كەلدۇق بىز.
ئازادلىق يولىدا جەڭدە قۇربانلار بېرىپ كەلدۇق بىز،
كۆرەشكە باشلىدى بىزنى يولىمىزدا قىزىل بايراق.

يېقىن قالدى سۈزۈك تاڭلار، رېئالدۇر غايىمىز بىزنىڭ،
كۆرەش مەيدانىدا ئۈستى پولاتتەك سېپىمىز بىزنىڭ.
ئاداققى غەلبە كۈنى بولار چوڭ تويىمىز بىزنىڭ،
كۆرەشتىن كېلىدۇ بىزگە ئىستىقبال يورۇق ـ پارلاق.

1942 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## پارچىلار

سۇ،ھاۋا بولمىسا جاھاندا
بارچە ھاياتلىق بىر كۈن ياشالماس.
ھەقىقەت بەرمىسە شائىرغا ئىلھام،
شېئىر تۇرماق،ھەتتا چېكىت ئۇرالماس.

********

غۇرۇرلىنىپ كەلمىسەڭ بوپتۇ،
پولىشىپ بىر كۈن كېلەرسەن.
كۆز بولۇپ غازاڭلار قويۇلۇپتۇ،
سولىشىپ بىر كۈن ئىگىلەرسەن.

## لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن

لېنىن ــ تىرىكلەرنىڭ ئەڭ تىرىكى،
ئۇ كۆرەشلەردە يېڭىپ ئۆگەنگەن.
مىسلىسىز كەڭ تاغ ئۇنىڭ يۈرىكى،
بەس، ئۇ جەڭلەردە يېڭىشكە ئۆگەنگەن.

ئۇ، چۆل ــ جەزىرىلەرنى بوستان قىلىشقا،
كىشىلىك دۇنياسىنى گۈلستان قىلىشقا.
ئېزىلگەننى ئالغا باسار ئىنسان قىلىشقا،
گىگانىت يېڭىنى قۇرۇشقا ئۆگەتكەن.

كۆپچىلىك ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە،
ئازادلىق يولىدا ۋۇجۇدىنى تىكىشكە.
كۆرەشتە يېڭىشكە، يېڭىشكە، يېڭىشكە،
يېڭىش تۇغى بىلەن ئالغا بېرىشقا ئۆگەتكەن.

ئۇتۇقلارغا قاراپ گاڭگىرىماسلىققا،
قىستاڭلار ئارىسىدا قاقشىماسلىققا.
توغرا ــ كەڭ يولدا ئۇدۇل مېڭىشقا،
ئەمگەك قوينىدا چېنىشقا ئۆگەتكەن.

دۈشمەنلەرنى ئېزىپ تاشلاشقا،
يېڭى تارىختىن بەتلەر باشلاشقا.
قۇربانغا تەييار . . . ئادىل ئۇرۇشقا،
ئالۋاستىلارنى قىرىشقا ئۈگەتكەن.

قارا تارىخنىڭ يۈزىنى يۇيۇشقا،
ھەق قارغۇلىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇشقا.
دۇنياغا سائادەت، ئادالەت قۇرۇشقا،
يېڭىپ ئالغا ــ ئالغا ئاتلاشقا ئۆگەتكەن.

گېتلىر ئوخشاش ئەجدىھا ــ ئىلاننى،
ئىنسانلار ئۆچۈن ئوغا ــ چايانى.
توڭغۇز تۇمشۇق لالما قاۋاننى،
دۇنيا يۈزىدىن قويماسقا ئۆگەتكەن.

لېنىنسىز گاڭ يىللارنى بېسىپ ئۆتكەن،
قارا يىللارغا گۈل قىسىپ ئۆتكەن.
لېنىن ئىزى بىلەن منۇتلاپ يەڭگەن،
ستالىن لېنىندىن يېڭىشنى ئۆگەنگەن.
1942 ــ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## ماي ــ كۆرەشچان ئاي

بۈگۈن، بۇ كۆرەشچان مايدا،
تەبىئەتتە باھار تويلىرى . . .ئۆزىدۇ.
خۇددى شۇنداق، پۈتۈن دۇنيادا،
كىشلىكنىڭ پارلاق كۆرەش بايرىمى كېزىدۇ.

زۇلۇم تېغىنى ئاغدۇرۇشقا
كۆپچىلىكنىڭ يالقۇنلۇق كۆرىشى قاينايدۇ.
كاپىتالىستلاردا زاۋۇت، فابرىكىلار،
ئىستانوك، ماشىنىلار ئۇخلايدۇ.

جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قامچىسىدىن
قان تامغان ھەر بىر ماكاندا.
كەسكىن كۆرەش،
ئۇلۇغ تەۋرەشلەر
تىترىتىدۇ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن چىرىك دۇنيانى.
دولقۇنلۇق نامايىشلار . . .
ئېگىز كۆتىرىلگەن مىليون مۇشتلار،
تەلەپ قىلىدۇ بىر ئېغىزدىن
ھور، سائادەت، ئەركىنلىكى.
بىرىنچى ماي، كۆرەشچان ئاي، چېلىشقا باي . . .
ئازادلىق ئۈچۈن كۆرىشىدۇ ھارماي . . .
جۇڭگودا بۇ كۆرەشچان مايدا
نۇمۇسلۇق ھەم پاجىئەلەر،
قايغۇلۇق ۋەقەلەر
تىزىلىپ ئۆتكەن.
جىنەن كوچىلىرىغا تولغان قانلار،
جۇڭخوا تارىخىغا
يېزىلىپ ئۆتكەن.

بىكار ئاقمىدى قانلار،

ئۇ قانلاردىن گۈلستان ئۈندى.
ماي پۇراقلىرى بىزگە شۇنى تاپشۇردى:
بۇندىن كېيىن بىز جۇڭخۇا
شۇ دەسسەلگەن نومۇسنى،
قارا داغلارنى ئاقلايمىز.
جاندىن ئەزىز بۇ ۋەتەننى
قەھرىمانلارچە كۆرشىپ،
ئازاد قىلىمىز، ساقلايمىز.
كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقنى
ئەبدى ياقلايمىز.

بىرىنچى ماي، كۆرەشچان ئاي، چېلىشقا باي،
چېلىشىمىز بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا هارماي.
1942 ــ يىل 1 ــ ماي، ئۈرۈمچى.

# يانار تاغلار

ماتەم، نومۇس، قارىلىق بايراقلار،
يېتەر، ئارتۇق يەرگە ئىگىلمەس.
يېتەر ئەمدى،
بىر غېرىچ يەرنى بۇ ۋەتەندىن،
بىر پارچە گۆشنى ئەزىز تەندىن.
ھېچكىم قانلىق قولى بىلەن كېسەلمەس!
كونا دۇنيا ئېغىر ئاياق ئەمدى،
قورسىقىنى كۆتىرىپ يىراق كېتەلمەس!
چۈنكى ماتەملەر يىغىلىپ داغ ياسىدى
ھەم توپلىشىپ بۇ تاغلار تاغ ياسىدى.
ئەڭ چوڭقۇر يەر قاتلىمى يادروسىدا
بۇ داغلار ئېغىرلىقىغا
مەدەنلەر ھېچ چىدالمىدى،
ئوت تۇتاشتى، بولمىدى . . .
بۇنداق ئوتلۇق ۋولقانلار
بىر يەردىلا دەپ كىممۇ ئويلار؟
ئەنە، دۇنيادا ۋولقان ئاۋازلىرى،
يانار تاغلار چاچار لاۋىلار.
كۆرەش قىزىتىپ، ياسايمىز تويلار،
باغرىغا قارا داغ يۇقتۇرماسقا،
ئەنە، كۆرۈڭ، كاۋكاز تاغلىرى،
ئېلبۇرس چوققىلىرى لاۋا ئاتىدۇ.
ئىچلاس تاپلارنى ئۆزىتىشقا،
قوينىغا
يانار مەدەنلەر
تۆگىمەس ئاتوملارنى تارتىدۇ.
قارا داغلارغا قارشى پۈتۈن دۇنيا
بۈگۈن قايناق لاۋا چاچىدۇ؛
قارا زىندان، قەپەز دارلارغا
بۈگۈن يالقۇن ــ ئوت ئاچىدۇ.

ھىمالايا، مەغرۇر ئالىپ،
كارپات غەيرەتتە،
ئەنە، ئافرىقا كىلىمانجىرا تاغلىرىمۇ،
بۈگۈن تەۋرەشتە،
يانار تاغلار كۆرەشتە.
ئۇلۇغ ئوكيان دولقۇن ئاتىدۇ،
غەزەپ چاچىدۇ،
زور باتۇر كىشى تولغىنىدۇ؛
ــ قارا داغ، بولغىما
سىماب سۆيۈمنى! ــ دەپ.
ياۋروپا تىپىرلايدۇ،
پۈتۈن دۇنيا قىمىرلايدۇ،
مىليون ئاراللار ۋاقىرايدۇ،
لاۋا ئاتسۇن ئىككىنچى يانار تاغلار سېپى[1] دەپ.

دەل شۇ مەدەن
ئوتلۇق ئاتوملار بىز.
يۈرىكىمىز چوڭ تاغ،
بىز يانار تاغلار بولۇپ ئوت چاچىمىز،
قارا داغلارغا دەھشەت قويۇن ئاچىمىز.
مەيلى، تۇتۇشۇڭلار، لاۋا ئېتىڭلار!
ئەي، يانار تاغلار، يانار تاغلار!
تىنىلسۇن قارا تاپ، قارا داغلار!
قالمىسۇن ئۇلار،
ئورنىغا ئۈنسۇن
جاھاندا گۈلىستان باغلار!

1942 ــ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

(1) ئىككىنچى يانار تاغلار سېپى ــ فاشىزىمغا قارشى ئىككىنچى ئۇرۇش فرونتى مەنىسىدە. ــ تەھرىردىن.

## پارچە

مەرىپەت ئىزلە، ئېرىنمە،
سەرىپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

1942 _ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا

ئۇمىد پارلاق، يىللار ئېغىر،
مەنزىل داۋانلىق سەپەردە.
دۇشمەن ئاكوبى ھەر قەدەمدە،
توساق سىملار ھەر يەردە.

ئالدا دەريا . . . ئالدا ئۆتكۈل،
ئالدا قىستاڭ . . . تار يوللار؛
ئالدا كۆرەش، تەۋرەش پۇتكۇل،
ئالدا يەڭگۈچى گاڭ يىللار.

سەن كۆرەشنىڭ قىرغىقىدا،
سەن كۆرەشنىڭ غارىدا،
ئالدا دولقۇن ھەمدە ئۇيقۇن،
جۇش ئۇرار تىك بارىدا.

مۇندا بوران، ئاندا شۇۋرغان،
ئۇ يەردە ھاۋا بۇلۇتلۇق.
بۇ سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان،
ساي سۇلىرى دولقۇنلۇق.

بۇ چۇۋۇلغان، بۇ بۇزۇلغان،
بۇ گورۇستان خارابە؛
سەن تەر تۆككەن، سەن گۈل قىلغان،
سەن تۆرەلگەن مەشەدە.

بۇ يېزا، بىل ئاتا ــ بوۋاڭ،
تۇپرىقى، ئۇرۇق ــ پۇشتۇڭ.

دالىلىرى، گۈل باغلىرى،
ئېگىز تاغلىرى جان دوستۇڭ.

ساڭا تونۇش يېشىل جاڭگال،
ساڭا تونۇش ئۈزۈن سايلار.
ساڭا ئۆز ھەتتا پەسىللەر،
ساڭا سىرداش ئايدىڭلار.

ساڭا ئۇماق ئاي ــ يۇلتۇزلار،
تامچا ــ تامچا ساپ نۇرلار.
ساڭا ئامراق كەڭ ئېتىزلار،
ئۈچ ــ چېكى يوق ئېدىرلار. . .

ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىدە
مېھرىۋان باغرىڭ ئاناڭ؛
ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىدە
پارتىزان قېرى ئاتاڭ.

ئوق ــ دورا، سۇ توشۇيدۇ
ئالتە ياش كىچىك ئىنىڭ؛
جۇزىيى ھەم چورۇق تىكىدۇ
يەتتە ياش سىڭلىڭ سېنىڭ.

بۇ گاڭ ئىزلار شۇلار باسقان،
تائەبەت ھېچ كۆمۈلمەس.
يالقۇن ئوتلار ئۇلار ياققان
لوغۇلدار، مەڭگۈ ئۆچمەس.

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس ياللدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار
خۇددى كۆندەك پاللدار.

ئەسىرلەر تۇم، يىللار ۋاراق،
ئايلىرى قۇر، كۈنلەر چېكىت.
ئاي ــ كۈنلەرگە ماغدۇر بېرىپ
يىللار ياسا، جەڭچى يىگىت[1].

1943 ــ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

*① بۇ كۇبلېت ئەسلىدە شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى كۇبلېتى ئىدى. ئىلگىرىكى تومىلاردا «پارچە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئايرىم شېئىر قىلىپ بېرىلگەن، بۇ قېتىم ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈلدى. ــ تەھرىردىن.*

# مۇخەممەس①

داغدۇغا، شاد تويلارنى ئۇيناىمىز بوستان ئىچىدە،
ھەر يېڭىشنى ئالقىشلاپ، جەڭگىۋار مەيدان ئىچىدە.
بۇلبۇللاردىن ياغسا مەدھىيە، ئېسىل گۈلىستان ئىچىدە،
بىزنىڭ يۈرەكتىن چاچرار يالقۇن كۆرەشچان گۈلخان ئىچىدە،
چۈنكى بىز تۇغۇلۇپ ئۆستۇق چەكسىز ماكان ئىچىدە.

كۆزلەر كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك، ئىشەنچىلىك باقىدۇ،
يۈرەك ئەۋجى تار قەپەزلەرنى ئۇرۇپ چاقىدۇ.
چۈنكى ۋىجداندا ئازادلىق ھېسسى ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ،
بەس، ئېزىلگۈچىلەر كۆرەش ئوتىغا كۆكرەك ياقىدۇ،
كۆرەشچان ئەل قالماس ئەسلا ئەپسۇس ــ ئارمان ئىچىدە.

باق، ئۆلكەم، يىراق ئۆتمۈشكە، يوق يورۇق كۈنى،
گەۋدە كەرگەن ئۇستىگە ئاسارەتنىڭ قارا تۈنى.
ھاۋالارنى ياڭراتقان جىدەل، تالاشلار ئۈنى،
كىيىلگەچكە ئۇستىگە غەۋغانىڭ ھۆكۈمران تونى،
ئۇزۇن يىللار بۇرۇختۇم بوپ ياتتۇق نىمجان ئىچىدە.

قەبىلە ــ قەۋملەر تىيانشان باغرىدا باشلاپ جاڭجال،
ھېچ بولمىدى توقۇنۇشتىن ئۆزگە خىسلەتۇ ــ ئامال.
ھەم تاپمىدى غەۋغا ــ ئىختىلاپ ئىچىدە ئوبدان كامال،
بەخت مۆككەچكە كۆرسەتمەستىن بۇلارغا جامال،
ياشىدى ئەللەر يىغا ــ زار ۋە قارا قان ئىچىدە.

ئەل قاقشىتىپ، يۇرت زارلىتىپ، ئۆتتى خانۇ ــ چىڭگىزلار،
سۆكەكتىن تاغ، ئەل قېنىدىن ياساپ دەريا ــ دېڭىزلار.
زۇلۇمدىن سەسكىنىپ، تىترىدى ئاسماندا يۇلتۇزلار،
كۆمۈلگەچكە جاھان ئارا پاك ئىنسانى ئەجىر ــ ئىزلار،
يۈكسەك تاغلار، يېشىل باغلار قالدى گورىستان ئىچىدە.

شۇ يوسۇن تىزىلىپ زۇلۇم ــ زۇلمەت بىلەنلا ئۇچراشتى،
ئۆلكەمگە ئەلگە دەھشەت قۇچىغىنى كەڭ ئاچتى.
زۇلۇم سۇلالىسى ياڭ - جىنغمۇ② كېلىپ ئۇلاشتى،
زىندان، قوۋۇق، كىشەن، ئات ــ چاپ ھەددىدىن ئاشتى،
زۇلۇم تىغى بىسىپ ئەلنى، قاقشىدى زار پىغان ئىچىدە.

ئۆلكەم يىراققا سىرلىق③ ھەم مۆجىزىلىك كۆرۈنمەس،
چۈنكى ئۇ تەكلىماكانلىق بىر تىلسىم چۆل ئەمەس.
بىھۇدە خىيال، ئەگرى پەرەزلەر ئاڭا كېلىشمەس،
ئۇ بۈيۈك تەنىنىڭ موچىسى، ھەر گىز كېسىلمەس④،
تۇس ئالسىمۇ يېڭىچە باھار سۈپەت دەۋران ئىچىدە.

لاۋجاڭ بۈگۈن سازلىسا غىجەككە يېڭى چاڭگا⑤،
قۇناخۇنمۇ راۋابىنى خۇشال مۇقامغا سازلار.
مۇڭغۇل زىلا ناخشىسىدا ياڭرىسا دالالار،
چاڭقا بايىنىڭ دومبىرىسىدىن شادمان ئەن ياغار،
ئون ئۈچ مىللەت قان ــ قېرىنداش، مىسلى ئەدنان ئىچىدە.

..............................
..............................

بۈگۈن سىنى ئالقىشلايدۇ شىنجاڭ باراۋەر تەكشى،
غۇرۇر زەپەر قوشىقىنى كۈيلەپ ھەر كىشى.
سىنى سۆيۈش، ساڭا كۆيۈش ھەممىنىڭ مېھرى، ئىشى،
بەس، شەرىپىڭگە مۇخەممەس توقۇيدۇ قاينام ئۆركىشى⑥
چۈنكى ئىشقىڭدا شائىرىڭ چەكسىز سەيلان ئىچىدە.

1943 ــ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

*① شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى 1933 ــ يىلى مۇستەبىت جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شۇ يىلى 12 ــ ئاپرېل كۈنى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرغان ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتكە چوڭ*

ئالدامچى، ھېيلىگەر، ئىككى يۈزلىمىچى شىڭ شىسەي باشلىق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، بارلىق ئەكسىيەتچى گورۇھلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ھۆكۈمەت «ئالتە چوڭ سىياسەت» يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدا تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك روللارنى ئوينىدى. ئەنە شۇ چاغدا ھەر يىلى 12 _ ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان.

② ياڭ _ 1914 _ يىلدىن 1927 _ يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە باشلىق بولۇپ تۇرغان چوڭ مۇستەبىت ياڭ زېڭشىننى كۆرسىتىدۇ. جىن _ 1928 _ يىلدىن ئاپرېل ئۆزگىرىشىگە قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرى ھوقوقىنى باشقۇرۇپ كەلگەن جىن شۇرېننى كۆرسىتىدۇ.

③④ «ئۆلكەم يىراقتا سىرلىق ھەم مۆجىزىلىك كۆرۈنمەس» ، «ئۇ بۈيۈك تەڭرىنىڭ موچىسى، ھەرگىز كېسىلمەس» دېگەن بۇ مىسرالار شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تارقاتقان «شىنجاڭ سىرلىق ئۆلكە» ، «كوممۇنىستلار بۇ ئۆلكىنى كېسىپ ۋەتەندىن ئايرىۋالدى» دېگەن ئىغۋالارغا قارىتىلغان.

⑤ چاڭگار _ غەزەل، ناخشا مەنىسىدە.

⑥ قاينام ئۆركىشى _ شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. _ تەھرىردىن.

## ياشلىق، ئۆگەن

ياشلىق،تىرىش ـ تىرماش هارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قاينام ھەم چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ . . . ۋاراقلاپلا بىر قۇر.

ئىلىم ــ مۆجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى،
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئوقى ئون يىل!
كۆزلا ئەمەس ئالدىڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورىتىدۇ يورۇق دىل.

ھەربىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ.
ئىلىم ھارماس مەرت ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەرقاچان غايىپ.

راھىپ بول ئىلىمنىڭ نازاكەت چۆلدە،
مۆجىزىلەر گۈمبىزىگە «شەيىخ».
كۈن ـ تۈن زىكرى قىل شۇلار تاۋۇدە،
ئىجتىھات سېنى دېگۈزمەس دەرىخ.

ئادەم باللىسى پارقىراق، كىر قونماس ئېسىل،
ھەممىدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ مىڭىسى.
ياق،ئويلان . . . ئوبدان پىكىر قىل،
دەۋرگە ئامراق يېڭىنىڭ يېڭىسى.

ئۆگىنىش سازىغا ماھىر سازەندە،
كۆرگىن، سىرىپ قول چەككىنىنى.
تارغا تىل بەرگەنمۇ شۇ ئاددى بەندە،
تاماشا قىل مۇقاملار يولىن ئەككىنىنى.

قايسى مۇقام،قايسى پەدە باغرىڭ،
قايسى سازەندە دىلىڭغا سۇ بەرگەن؟
قايسى ناخشا پەسلەتكەن زارىڭ،
قايسى ناخشا كۆڭلۈڭگە گۈل تەرگەن؟

ئويلىساڭ ،ياشلىق،قىسقا سىنىڭ ئۆمرۈڭ،
تاڭدا چېچەكلەپ،گويا كەچتە قۇيىلىدۇ.
دىماققا خۇش پۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ
كۆز ئېچىپ يۇمغاندەك تۈيۈلىدۇ.

ئەرلەرنى باسسا ساقال ــ بۇرۇتلار،
قىزلارغىمۇ ئىز سالىدۇ بۇدۇر قورۇقلار.
پولاشمايدۇ دەرەخلەر ياپ ــ يېشىل تۇرۇپلا،
يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن يەيدۇ قۇرۇتلار.

ياشلىق،چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ،ئۇگەنگىن،ئۇگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۈسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۇگەن!

1943 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

# ھەسەن - ھۈسەن[1]

كەڭ ئالەمگە ياڭرىتىپ تىنچلىق شۇئارىنى،
ھاۋالارغا يېزىپ، ئويۇڭلار ئوتتىن.
ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا پەس شۇڭقارىنى،
بۇلۇتلار بويىنغا مۇنچاق ئېسىڭلار ياقۇتتىن.

ۋەتىنىڭنىڭ ھاۋاسى — دەردىڭ داۋاسى،
بۇلۇت قۇچاقلاپ، يۇلتۇزلارنى باغ — باغ ئېتىڭلار.
جاراڭلاتسۇن ئاسماننى گاڭ قۇشلار ساداسى،
بومبا بىلەن دۈشمەننى يەردە تالقان ئېتىڭلار.

«تەقدىردىن بەزگەنلەر» تېخى زادى يوق[2]،
ئەنە شۇ ئۇرۇش ئەۋلىياسى جاھاننى باسقان.
ئېغىزلىرى ئەزرايىل، ئىسراپىل كۆزلىرى ئوتلۇق،
تەييار ئۇنىڭدا ئادەم گۆشىگە قاسقان.

كىم ئۇ بىھۇدە باغدا ماتەمگە مۇقام يۆتكىگەن؟
نېمىشقا ئىگراپ چالدۇ مۇڭلۇق پەدە؟
ئېلىشماستىن ۋاقىتسىز تەقدىرگە باش ئەككەن
مەجنۇنلار ئۈگىسى يوق تېخى ھېچ نەدە.

قېقىپ قانات، بۇلۇتنىڭ سەن زارىنى ئاڭلاپ باق،
يەرگە قاراپ قان — ياش تۆكۈپ، زار — زار يىغلايدۇ.
يەردە بوران كۆرۈنمىگەچكە، ئۆپ — چۆرە، ھەر ياق
تاقەت قىلالماي تىپىرلاپ، سىنەلىرىنى تىلغايدۇ.

بۇلۇت يىغلايدۇ كۆيۈنۈپ، ۋەيران يۇرتلارغا قاراپ،
گۇناسىز قىرىلغان ھېسابسىز ئادەم باللىرىنى ئاياپ.
بۇلۇت بىلىدۇ، «بۇلۇت ئۆلمەس بىر ساياھەتچى»،
سەيلە قىلىپ كۆرگەن ھەممىنى، جاھاننى ئارىلاپ.

بۇلۇتلار ئالىپ ھەم كارپاتتىن ئۆتكەندە
تۇتۇلۇپ، جۇتلىنىپ، جۇدۇنلار تۆككەن.
گۈلدۈرلىدى قاراسلاپ چاقماق سەپكەندە،
يولغا چىققان قاتىللار تىترىشىپ مۆككەن.

جۇڭگو دېڭىزى ساھىللىرىدىن ئۆتكەن بۇلۇتلار
ئارقا سەپنى كۆرگەچكە، دىلى بەك مۇڭلۇق.
كۆچۈرسىمۇ ئېگىز ھاۋادا «تېنچ» منۇتلار،
ھاياتىدا «شېرىن سكۇنت» كۆرمىگەن ئوڭلۇق.

بۇلۇت دەيدۇ: يەر يۈزىنى ھېچ كۆرەلمەيمىز،
زۇمىگەرلەر يەردىن سۇنئى بۇلۇت ياسىغان.
ھەتتا ئاسماندا خاتىرجەممۇ يۈرەلمەيمىز،
يانلىرىمىزنى سۇنئىي چاقماق، ئوتلار قاپلىغان.

سۇنئىي تۇتۇنلەر ئارىسىدىن كېلىدۇ ئاۋاز،
ئارقا سەپتە قىرىنداشلار خانۇ ــ ۋەيران.
بومبا تۆكۈپ قارا قۇشلار قىلغاچقا پەرۋاز،
قانلىق چۆللەر قۇچاقلار كەرگەن ھەريان.

بۇلۇت دەيدۇ: «تىزگىنىسىز قارا قۇشلارنىڭ
توكيو، بېرلىن، رىم غارلىرىدا ئۇۋىلىرى بار.
قېنى، تېنچلىق دۇنياسىنىڭ پولات قۇشلىرى،
شۇ ئۇۋىنى پارتىلىتىپ قىلىڭلار تارمار!

ئۇچۇڭلار، مېھرىۋان بۇلۇتلار يوللارنى ئاچسۇن،
تۇن قىزلىرى يۇلتۇزلار نۇرلىرىن چاچسۇن.
ئېگىزلىكتە خالىسانە سەيلە قىلىڭلار،
زەھەر چاچقۇچ قارا قۇشلار كۆرىگە قاچسۇن!

سائادەتتىن ھاۋالارغا نەقىشلەر ئويۇپ،
قىزىل چوغدەك ياقۇتلاردىن شۇئار يېزىڭلار.

«ئىنسانىيەت تېنچلىقى» دىن بۇلۇت كۆكسىگە،
زادى ئۆچمەس ھەسەن ــ ھۈسەن ياساپ تېزىڭلار!
1943 ــ يىل نويابىر، ئاقسۇ.

**ئىزاھات:**

①شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىزىمغا قارشى سەپ تەشكىللىگەن بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىگە بېغىشلانغان. بۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى توپلاملاردا باش قىسمى ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلدۇق.

②«تەقدىرىدىن بەزگەنلەر» تېخى زادى يوق ــ شائىر بۇ مىسرانى ھالاكەتكە تەن بەرگەن دۈشمەنلەر تېخى دۇنيادا يوق، دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن. ــ تەھرىردىن.

# غەزەل

دوستۇم دىيانەت قوينىنى ئاچىدىغان دىلبەر تاپ،
ۋىجدانىدىن شەرۋەت ئەمدۈرىدىغان كەۋسەر تاپ.

ئىستىكىم مۇشۇ دەپ، شامال ئارقىسىدىن يۈگۈرمە،
شەكىل ئۈچۈن ھالاك ــ تالاڭ قالما، مەڭگۈ جانلىق پەيكەر تاپ.

قىياپىتى ئۇنىڭ تىياتىر گىرىمى بولۇپ قالمىسۇن،
ھېچقاچان ئۆڭمەيدىغان ھەقىقىي سەرۋەر تاپ.

ئىچى كاۋاك سۆلەت ــ سەلتەنەتكە زادى يېپىشما،
ھەر سەھىپىسى دەرتكە دەرمان بېرىدىغان دەپتەر تاپ.

بولسۇن خىيالىڭ سېنىڭ ھەر دەم ئىستىقبال قايغۇسى،
ئادالەت مەيدانىدا پارقىرايدىغان خەنجەر تاپ.

تاغ قازمىغۇنچە دىل مەھبۇبى ــ شېرىن نەدە؟!
پارچىلار بىكار تاشلارنى، بىباھا گۆھەر تاپ.

ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەلكى سېنىڭ ئىسكەندىرۇر،
تارىخنى يورۇتقىن، خۇرشىد، ماھۇ ــ ئەنۋەر تاپ.

نىمە ئارمان، ئۆركىشى، دىل قاينىمىدا ئۆركەشلىسەڭ،
دىلدا گۆھەر، دىلدا كەۋسەر، دىلدىن تاتلىق شېكەر تاپ.

1943 ــ يىل دېكابىر، ئاقسۇ.

## پەريات[1]

بۇ مېنىڭ غەملىك كۆڭلۈم بولارمىكىن بىر كۈن شاد،
غەم تاغلىرىدىن ئۇچۇپ، بولارمەنمۇ مەن ئازاد.

يا ھەمىشە قىينىلىپ، زۇلۇم ئوتىدا كۆيۈپ،
كۈنىنىڭ سېرىغىن كۆرمەي، بولارمەنمۇ مەن بەربات.

ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان، باغلار چۆلگە ئايلانغان،
كۆڭۈلدىكى بۇ بوستان بولارمۇ يېنىپ ئاۋات.

بورانلاردا ئۇچماقتا مېنىڭ جان ئەمگەكلىرىم،
دەۋرىدە ئىناۋەت يوق، كۈن ــ تۈن قىلىمەن پەريات.

*ئىزاھات:*

①شائىر بۇ شېئىرنى 1943 ــ يىل 12 ــ ئايدا ئاقسۇدا يازغان. ئۇ ئىلىدىكى ئاتا ــ ئانىسىغا خەت يازغاندا، بۇ شېئىرنى ئۆز خېتىگە قوشۇپ ئەۋەتكەن. ــ تەھرىردىن.

## يىللارغا جاۋاب

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلارچىلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر ــ بىرىنى قوغلىشىپ يورغىلىشىپ؛
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پولىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يېرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شامىلى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ قاقشال . . .
يىللار سىخى، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق، يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى، ئۆتىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى . . .
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن قولدىن بەرمەيدۇ،
چۈللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن
تونۇگۈن ئۆمىلەپ، هە . . . بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

كۆرەشچان بالىلار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى، ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا،
ئىجادىم، شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدا قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا.

قېرىماسمەن كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۈلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قىلىش، كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام ــ غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا.

ئېسىلارمەن ملىتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاخلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۈپقۇنلۇرۇڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراب.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقۇتۇپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب.

1944 ـ يىل ئاقسۇ

# ئىككى شېئىر

## *دوستۇم . . . غا*

خالايمەن، دوستۇم، بۇلاقتەك
خۇشال شاقىراپ ئېقىشنى . . .
خالايمەن، ئەركىن تايلاقتەك
ئىجات يايلىقىدا قىيغىتىشنى . . .

خالايمەن، شېئىرىم ئۇرۇقلىرىنى
ۋەتەن باغرىغا چېچىشنى.
خالايمەن، دەريا قىرغاقلىرىدا
رەنا گۈللەر ئىچىلدۇرۇشنى.

*

تۇغدى ئاناڭ سېنى، چوڭ قىلدى،
مېھرى بىلەن بېقىپ،
تەربىيلىدى، ئوڭ قىلدى.
لېكىن، سەن يەنە تىرىش، ئوبدان ئادەم بول،
ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئىككىنچى مەرىپەت ئانىسىدىن تۇغۇل.
1944 ــ يىل مارت، ئاقسۇ.

## بىزنىڭ مەمەت

*ــ باللار بايرىمىغا بېغىشلاپ*

مەمەت تېخى بۇ يىل
ئاران تۆت ــ بەش ياش.
قوللىرى بۇدرۇق،
تېنى قاتتىق تاش.

يۈزلىرى ئاپئاق
ھەمدە قارا قاش.
ئاسلان ۋە كۈچۈك
ئۇنىڭغا يولداش.

ئەتىگەن قوپىدۇ،
يۇيىدۇ يۈزىنى.
باسمايدۇ چاپاق
ئۇنىڭ كۆزىنى.

ئىشتانىنى كىيىپ،
كۆينەكىنى ساپماي.
كۆڭلى تىنمايدۇ
مۈشۈكنى تاپماي.

مۈشۈك مياڭلاپ،
سالام قىلىدۇ.
بۇرۇتلىرى بىلەن
سۆيۈپ قويىدۇ.

ئاڭغىچە يېتىپ،
كېلىدۇ كۈچۈك،
كۆزلىرى قىسىق،
ئەركىلەپ چۈچۈك.

ئاۋايلاپ پۇراپ،
ئاڭا قارايدۇ.
قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ
پۇتنى يالايدۇ.

چايناپ بېرىدۇ
نانىنى مۇشۇككە،
تاشلاپ بېرىدۇ
ئالا كۈچۈككە.

ھارۋىنى سۆرەپ
چىقار كوچىغا،
كۈچۈكنى باغلاپ،
يىپىنىڭ ئۇچىغا.

ياساپ داۋانلار،
توپا توشۇيدۇ.
زەمبىرەك ياساپ،
مۇشۇك قوشىدۇ.

پاقالچاقلىرى
راسا تۈرۈلگەن.
قولىدا چىۋىق
تالدىن ئۈزۈلگەن.

ئوينايدۇ راسا
تەرلەپ ھەم پىشىپ،
قىزىق ئويۇنغا
تازا كىرىشىپ.

ماڭىدۇ يوللار،
كېچىدۇ سۇلار.

ئارقىدا قالىدۇ
دۈمبەش داۋانلار.

«ھوت كۈش» دەپ ئۇ
بېرىدۇ قوماندا.
توخۇ ئۆدەككە
ياسايدۇ ئاتاكا . . .

قاچىدۇ چۆجىلەر . . .
ئالدىدا قاقاقلاپ،
قوغلايدۇ كۈچۈك
ئۇنى پالاقلاپ.

مەمەتمۇ قالماي
ئالغا چاپىدۇ.
خىيالىدا ئۇ
يېڭىش تاپىدۇ.

شۇنداق قىپ مەمەت
ئوينايدۇ كۈندە.
ھەتتا چۈشىگە
كىرىدۇ تۈندە.

چۈشىدە يەنە
ئۇ بىر قوماندان.
ئالغا _ ئالغا دەپ،
يۈگۈرەيدۇ ھەر يان.

ئاز كۈندە مەمەت
چوڭمۇ بولىدۇ.
مەكتەپكە باللار
لىققىدە تولىدۇ.

بەلكى ساۋاقنى
ئوقۇيدۇ ئەلا،
باشقىلاردىن
ئالمايدۇ ئەسلا.

ھەر بىر ئىشىدا
ئۇ چىچەن، قارام.
تۆگىتىپ ئىشنى
ئالىدۇ ئارام.

ھېچقانداق ئىشلار
قۇتۇلۇپ قالمايدۇ،
ئەمما مىلتىقنى
ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

نېمە دېگەن راھەت
ئات بوپ ئوينىسا،
نېمە دېگەن راھەت
مىلتىقلار ئاتسا.

1944 ــ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ.

## كەل، باھار

كۆكلەم باغرىم، كەل، سېغىندىم سېنى،
يېشىل قوينىڭغا ئارتىۋال مېنى.
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىنىڭ،
سۇلىرىڭنىڭ شاقىرىشى ھەركىتى تەنىنىڭ.
كۆكلەم، بول چاپسان، تەبىئەتكە جان سال،
چىرماشسۇن تىرىلىپ، ماڭا مەجنۇن تال.
كەڭ سەھنەڭگە تارتىۋال ئىشچان قىزلارنى،
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دېھقان، تىلغىسۇن يەرنى،
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى.
تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋادا،
ھەر ياندا شادلىقتىن ھېسلار ھۇۋەيدا،
كۆكلەم، يەرگە دەم سال، ئويغانسۇن قۇش ــ قۇرۇت،
دەرەخلەر پەخىرلەنسۇن تارتىپ ساقال بۇرۇت.
يېشىل باغلار، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن،
كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن.
دېھقان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن،
بوستان قىلىش ئۈچۈن يەرنى كەتمەننى ئۇرسۇن.
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايدىن ئاقسۇن،
ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتنى چاقسۇن.
بۇ قىياپەت، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام،
ھېچ تويمايسان بۇلارنى زوق بىلەن يازسام.
كەل باھار! مەرھابا، كۈتمەن سېنى،
يېشىل ئىلھام قوينىغا ئۇرۇدۇڭ مېنى.

1944 ــ يىل ماي، ئاقسۇ.

# تەسراتىم

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەس بولۇپ،
تەسراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ.
كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالىدۇ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە قاراپ قېتىپ قالىدۇ.
يېپىپ كىتابىنى ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن،
ناۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن.
قېنىدۇر  شۇ ناۋايى،قېنى بىر كۆرسەم،
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سۆيسەم.
قاراپ تۇرسام «خەمسە»نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا.
قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شىرىنگە گۈللەر تىزغاندا.
قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ قىياپىتىگە،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە.
قوي شائىر،سۆزلىمە،جۆيلۈپ يوققا،
ناۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا...
يۈرىگى پاتمايدۇ ئالەمدەك لەھەتكە،
روھى يۆلەنمەيدۇ ساماغا_ئەھەتكە.
ئۇنىڭ مازارىنى ھەر بىر ۋاراقتىن ئىزدە،
گۈمبەز قەۋرىسىنى ھەرمىسرادىن ئىزدە.
ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەر مىسرا تۈۋىگە كۆمۈلگەن.
1944 ـ يىل ئىيۇل،ئاقسۇ.

## كۆردۈم

جاھان ئىچرە نەزەر سالدىم، تامام غەۋغالىنى كۆردۈم،
كۆڭۈل سۆيگۈ بازارىدا مۇھەببەت، قايغۇنى كۆردۈم.

سەھەر باغۇ نازاكەتتە ئېچىلغان لالە ــ گۈللەرنىڭ
زاۋال ئارىلاش قىلىپ جۇتتا، سولاشقان ھالىنى كۆردۈم.

تېشىپ دەريا، ياساپ ئۇپۇقۇن، غۇلاچ ئېتىپ ئۇرۇپ تورسا،
ئۇ، قارا گىرۋەكلەرنىڭ توساپ تۇرغانىنى كۆردۈم.

1944 ــ يىل

## شائىر تۇغرىسىدا مۇخەممەس

يىراقتىن سۆزلە،شائىر،نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول!

ئالمان ــ تالمان ئىجاد بېغىدا مېۋە پىشمىسۇن،
ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول!

شۆھرەت ئىزلىمە،شائىر،خالىسا ئۇ ئۆزى كەلسۇن،
ئىجاد،مېھنەت مەيدانىدا باتۇر،پەلۋان بول!

ئارام ئالما ئىلھام بەزمىسىدە مۇقام ئېيتماي،
يىراق زامان كۆرگەزمىسىگە سەنئەتتىن مەيدان بول!

شەرەپ ــ شان ئۈنۈملۈك ئىجادىڭ ھەردەم يولدىشى،
ئىلھام سەنەم،سەن ئاشىق غېرىبجان بول!

ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول!

ئۆرگىلەي،چۆرگىلەي.سادىغاڭ كېتەي،ئەل بويىدىن،
ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئانىدەك كۆيۈمچان بول!

نېمە كەم ئىلھام ئۈچۈن،دۇنيا خىلمۇ ـ خىل،دۇنيا مۆجىزە،
ھالال مېھنەت ــ كەشپىيات ئۈچۈن خورىماس كان بول!

كۆرەڭلەشنى سەن ئىزدىمە، قەلىمىڭ تاپشۇن ھوسۇل،
مىليۇن غەزىنىلەردىن ئۇسسىسۇن،بەرىكەتلىك خامان بول!

رىشتە باغلاندى،شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دېدى خەلق تۇيغۇسى: مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول!

شاۋكەت تاپمايسەن ئىجادىيەت بىغىدا تۇرمىساڭ خالىس،
سايرا ئۆتكۈر،ھاڭ ـ تاڭ قالسۇن ئۇ، بۇلبۇلستان بول!

1944 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ

# چال، سازەندەم[①]

## (مۇخەممەس)

*ــ مەشھۇر ناخشىلار ئىجادچىسى، ياش سازەندە*
*زىكىرى ئەپەندىگە بېغىشلايمەن*

چال سازىڭنى زوق بىلەن، تىنماي چال، سازەندەم،
ھەركىتىڭ تىتىك، قوللىرىڭ مەجنۇنتال، سازەندەم،
ناخشاڭ شېرىن، تاتلىق سېنىڭ، گويا كى بال، سازەندەم،
ياشلىقىڭ زىلۋا چېغىدا، ئىجاد قىلىپ قال، سازەندەم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال، سازەندەم.

ئىجاد قىل ۋۇجۇدۇڭدا بار ئۇبدان غەزەلنى،
كۆرەشچان سەنئەت مەيدانىدا باغلىغىن بەلنى.
سازلىرىڭ روھى بىلەن راست سۇغارغىن ئەلنى،
سەنئەتتىن مەۋجۇت قىل دولقۇنلۇق سەلنى،
شادىمان ھاياتىڭ قوينىدا ئۇبدان ئەھۋال، سازەندەم.

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى.
تەسەددۇق، خۇيما كەڭ گۈزەللىك دۇنياسى،
كونا مۇقاملار لەززەتنىڭ ئەڭ چوڭ باباسى،
ئۆسۈش، ئىجاد، يۈكسىلىشكە ئەپلىك ئامال، سازەندەم.

بىھۇدە ياد كىرلەنرى تازلىغاي ئىبسىل سەنئەت،
ئىنكاسىدۇر ھاياتىڭ، جان ئۈچۈن لەززەت.
ئىلھام بېرىپ ۋىجدانىغا، تەۋرەتسۇن خىسلەت،
سازەندىنىڭ قولىغا بەرمىسۇن ھېچ دەرت،
كۆڭۈل مەيلىنى سازىڭ ئىشقى قىلسۇن ئىشغال، سازەندەم.

مۇقام ــ سەنەم، سەن بول بىر ئاشىق غېرىپ،
ئۈچرىششقا ئالدىرا ۋۇجۇدۇڭ بېرىپ.

مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىدە يۈر كۆكرەك كېرىپ،
ھەر قەدەمگە ئۈنچە ــ مارجان، ياقۇتلار تېرىپ،
شانۇ ــ شەۋكەت زېمىنىدا ئۆستۈر نىھال، سازەندەم.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈندۇر دائىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئازاد تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەر بىر كىشىمىز.
زور مەقسەتلەر يولىدا بىزنىڭ ئوي ۋە پىكرىمىز،
ئىجاد ئېتىشتۇر ھارماي يېپ ــ يېڭىنى زىكرىمىز،
قوبۇل ئەيلەڭ شېئىرىمنى، سىز بىمالال، سازەندەم.

*ئىزاھات:*

① *شائىر «چال، سازەندەم» ناملىق بۇ مۇخەممەسنى 1944 ــ يىل 9 ــ ئايدا ھازىرقى مەشھۇر سازەندىمىز ۋە ئاتاقلىق مۇقامچىمىز زىكرى ئەلپەتتاغا بېغىشلاپ يازغان. گەرچە بۇ چاغدا شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇدا، زىكرى ئەلپەتتا غۇلجىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى شائىرغا زور ئىلھام بېغىشلىغان، شائىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئوپېراسى «تاھىر ــ زۆھرە» غەزەللىرىگە ئاھاڭ ئىشلەشتە زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان ئىدى.*

# مۇھتەمىلات

چېلىش، پۈكلە دۈشمەننى، ئۆرتە، ئوتقا ياق،
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن منۇت يېتىپ، جانغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يە ياق.

ئۈز، غۇلاچ تاشلا، ئازادلىق دېڭىزىنى كەچ،
باتۇرلۇق ناخشىسىنى تووۋلا ئەتە ــ كەچ.
ۋەتەن ــ خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،
ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ.

گۈزەل ئەخلاق ھەر قاچان بولسۇن ساڭا يار،
كۆم يامانلىقنى، جايى بولسۇن ئۆڭكۈر ــ يار.
دۈشمەندىن ئۆزەڭنى قوغدا، دائىم بول تەييار،
قولۇڭدىن چۈشمىسۇن زادى ئوق بىلەن يار.

1945 ــ يىل يانۋار، ئاقسۇ.

## باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ ①

باھار كۈلمەكتە، يولداش، تەبىئەت غەمگۇزارسىنىڭدەك،
قىش يىغلىدى، كۈلدى قۇياش خوش زەركار، سىنىڭدەك.

لالىلەر قىلدى تەبەسسۇم، سۇلار سازىن چېلىپ ئاقتى،
دىماقنى يارار خۇش بۇي، يەلپۈنۈپ چىن ئىنتىزار، سىنىڭدەك.

ئالەمنى ياڭراتقۇچى بۇلبۇللار چاڭ _ چاڭ سايراپ،
كۆكسىنى ئاچار ئېتىز چەكسىز گۈلزار، سىنىڭدەك.

لالە ياڭلىغ گۈللەر يۈزىگە تولۇپ ساپ قانلار،
بۇلبۇللار بەزمىسىگە بولدى خۇمار، سىنىڭدەك.

ئەجەپ ئەزىزدۇر باھار پەسىللەر ئارىسىدا،
تەڭدىشى يوقتۇر يەنە خۇددى بەك يار، سىنىڭدەك.

زىيادىن ئەمچەك ئەمسە تاللار كېلىندەك تولغىنار،
قۇياش ھەممىگە تەڭ كۈلسە دەپ بەكمۇ ئىنتىزار، سىنىڭدەك.

ئىخ! . . . باھار قەدرىنى يەنە مەندەك كىملەر بىلەر؟!
چۈنكى مەنمۇ چىن باھارغا تەشنائى زار، سىنىڭدەك.

زۇلۇم يوق بىچارىلەرگە قىش بوۋاينىڭ شورىدەك،
شۇلارغىمۇ مەڭگۈ شەپقەت بولسىدى يار، سىنىڭدەك.

ئى باھار، شاقىراتماڭغا بولغۇم بار قاينام ئۆركىشى،
چۈنكى كۆكلەم تاڭ شاملى يۈرەككە مادار، سىنىڭدەك.

1945 _ يىل ماي، ئاقسۇ.

**ئىزاھات:**

① لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ مۇۋەششەھنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، سەپدىشى شائىر بىلال ئەزىزگە بېغىشلاپ يازغان. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ باھارغا، ئازادلىققا بولغان تەلپۈنىشىنى قەدىردان دوستى بىلال ئەزىزگە ئېيتىش ئارقىلىق خەلقىنىڭ باھارغا يەنى ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن.

شائىر بىلال ئەزىزى خوتەنلىك بولۇپ، 1942 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، كېيىن ساقچى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇشتا بولۇۋاتقان يىللاردا لوتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئەدەبىيات بېتىنىڭ تەھرىرى ئىدى. شۇ چاغدىلا ئىككى ياش شائىر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە بىر ـ بىرىگە مەدەت بېرىشتەك چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. شائىر بىلال ئەزىزى 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچىغا خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشقان. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مەخپى مۇناسىۋەت باغلاپ، خەلقنى گومىنداڭغا قارشى تەشكىللەش يولىدا جىددى ئىشلەۋاتقان بىر پەيتتە، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا ئېلىنغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بىلال ئەزىزمۇ بىللە ئۆلتۈرۈلگەن.

## خىيالچان تىلەك

تىگىرقىمايمەن، دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۈرگەن بۇ بىلەكلەرنى.

مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل ــ چېچەكلەرنى.

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئىمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس؟!
ئاشىغى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى . . .

نېمىشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكىلارنى،
سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى.

ئەزەلدىنلا خىيالچان . . . مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلىقىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

1945 ــ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ.

## ئاخىرقى سۆز ①

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ ،
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ.

1945 ـ يىل سىنتەبىر، ئاقسۇ

① بۇ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا گومىنداڭ تۈرمىسىنىڭ تېمىغا يېزىپ قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى شېئىرى ــ تەھرىردىن.

## مۇھەببەت ھەم نەپرەت
## (كىچىك داستان)

ئەلەمگە نەپرەت ئوقۇدۇم،
مۇھەببەتتىن ئېلىپ ئىلھامنى.
ئالتە يىلىڭغا① شېئىر ئوقۇدۇم،
قوبۇل قىل، بۇ سوۋغامنى.

I

دۈشمەن غالجىرلاپ،
يېزىنغا تاشلاندى.
توپلار گۈلدۈرلەپ
ھۇجۇم باشلاندى.

ئۆرۈلۈپ تاملار،
باستى ياپۇنلار.
بالا ـ چاقىلار،
زار قاقشاپ يىغلار.
ۋەيرانلىق تاشتى،
ھەددىدىن ئاشتى.
تاغلارنى كۆزلەپ،
ئەللىمۇ قاچتى.
ـ بىزلەرمۇ ئەلدىن
قالمايلى موماي.
قۇتۇلۇشقا ئۈتتىن، ـ
دېدى جاڭ بوۋاي.
يىغىشتۇرۇشۇپ
نەرسە ــ كېرەكنى؛
ئالدىراشلىقتا
تاڭدى يۈكنى.
بوۋاي كۆتەردى

خورجۇن ــ قاچىنى.
كېرەك ــ ياراقتىن
قالدۇرماي پارچىنى.
تۇيۇقسىزدىنلا
ئىشىك ئىچىلدى.
ئىس ۋە توپىلار
ئۆيگە چېچىلدى.
ۋۇجۇدى خاراپ
بىر يىگىت كىردى.
چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ
تېگىرقاپ تۇردى.
كۆزلىرى ئاينىچ
مەيۇس پاللىدار.
تەلەتى ئۆمسە،
تېنى غاللىدار.
ملىتىق ستۋولى
يەرگە قارىغان.
جانسىز قوللىرى
پەسكە ساڭگىلىغان.
بوۋاي ھەم موماي
لام ــ جىم دېمىدى.
بىر كۆرۈش بىلەن
ئوغلىن تونۇمىدى.
يات بىر قىياپەت
غۇدىيىپ تۇرار؛
كۆرمىگەن پەقەت
گەۋدە كۆرۈنەر.
لېكىن بۇ ھالەت
يەنە قىستىدى.
ۋىجدانى تېشىپ
- بول، سۆزلە، - دېدى.
ئۇ، گۇناھكاردەك
يەرگە يىقىلدى.

مەن ئوغلۇڭلار، دەپ
دىمى سقىلدى.
ومايىنىڭ كۆزى
يوچۇن پارقىرىدى.
جىمىرلاپ يۈزى
بىردىن ۋارقىرىدى:
ـ ئوغلۇم، قوزام، ـ
دېدى، تاشلاندى.
بوۋاي يۈرىگىدە
غەزەپ باشلاندى.
ۋاقىتسىز كېلىش
شۈبھىگە قويدى.
گوياكى بوۋاي
ئۆزىنى سويدى.
چوڭقۇر كۆزلىرى
ياندى نەپرەتتە.
پاتقاندەك بولدى
چوڭقۇر كۈلپەتكە.
كەكە ساقىلى
تىترەپمۇ كەتتى.
ئەلەم ـــ غەزىۋى
سۆڭەككە يەتتى.
ـ ئېيت نىمە ئۈچۈن،
كەلدىڭ بۇياققا؟
ھەممە كۆرەشتە
بوياِلسا قانغا.
قانلىق سوقۇشلار
ئەۋج ئېلىۋاتسا،
دۈشمەن ئىلگىگە
زۇلۇم سىلىۋاتسا؛
دۈشمەننى يېڭىپ
سوقۇش بېسىلغاندا،
غەلبە تۇغى،

ئېگىز ئېسىلغاندا؛
كەلسەڭ بولمامدۇ،
ئاندىن بۇ ياققا . . .
ئالمامدۇق سېنى
ئاندى قۇچاققا.
قارىشىڭ غەلىتى،
ئەھۋالىڭ ناچار،
كەچۈرمۈشىڭنى
قىل ئەمدى ئىزھار . . .

بېرىلگەن سوراق،
جاڭنى تىترەتتى.
موماي ئېچىنىپ:
«قوي، تەگمە!» ـ دېدى.
بوۋاي مومايغا
ئالىيىپ قارىدى.
گويا كۆز بىلەن
ھەقنى ئايرىدى:
ـ سۇئالدىن ئۆتكەي،
راست جاۋاب بەرگەي.
باشتىن ئۆتكەننى
قويماستىن دېگەي.
سۆزىنى ئاڭلاپ،
ئوبدان چۈشىنەي،
نېمىگە كەلدى،
ئاندىن ئىشىنەي.
شۇندىلا بالام
ھەم جان قوزام دەي.
باغرىمغا بېسىپ،
يۈزىدىن سۆيەي.
قارايتتى ئانا
قاتتىق ھومىيىپ،
سۆزلىمەي ئوغلى

ئاينىچ ھودۇقۇپ.
كۆرەشتىن زىرىكىپ
كەتتىم دېمىدى.
سىلەرنى سېغىنىپ
كەلدىم دېمىدى.
يۈلنىڭ ئىشقى
قويمىدى، دېمىدى،
يۈرەك جامالىغا
تويمىدى، دېمىدى؛
گەپ قىلالمىدى،
ھودۇقۇپ كەتتى.
خىجىللىق دەردى
يۈرەككە يەتتى.
قىزاردى يۈزى،
پارقىراپ كۆزى،
كۈچسىز لىۋىدىن
چىقمىدى سۆزى.
گويا تەككەندەك
ئۈستىگە قامچا،
ماڭلايدىن ئاقتى
چىپىلداپ تامچا.
يارىتامدۇ ئاتا
بۇنداق كىلىشنى؟!
ئورۇنسىز بىۋاق
بۇ «سېغىنىش» نى؟!
- سىلەرنى سېغىندىم،
شۇڭلاشقا كەلدىم.
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە
بىللە ئۆلەي دېدىم.
- كەچتىم سىنىڭدەك
مېنىڭ ئوغلۇم يوق،
سەندەك ئوغۇلسىز
مېنىڭ كۆڭلۈم توق.

مۇنداق ئۇغۇللۇق
ساڭا ئەمەس خاس.
قورقۇش ۋە تىترەش
ھەرگىز ياراشماس.
نېمە قىلساڭ قىل
بىزلەر كېتىمىز.
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمىز.
مەن قېرى ئاتاڭ
بولدۇم پارتىزان.
ۋەتىنىم جېنىمدۇر،
ھەممىدىن مېھرىبان.
ئاداققى ئۆمرۈمدە
ۋەتەن دەپ ئۆلەي.
ۋەتىنىم ئۈچۈن
ساپ قېنىم تۆكەي، ـ
دېدى گەپ ــ سۆز يوق،
مومايىنى يېتىلىدى.
ئىشىك تەرەپكە
ئوقتەك ئېتىلدى.
يىگىت ھەيكەلدەك
قېتىپلا قالدى.
چوڭقۇر خىيالغا
پېتىپلا قالدى.

II

تالاغا چىقتى،
قارىدى ئۇزاققا،
بوۋاي ۋە موماي
كەتكەن يىراققا.
قىشنىڭ شامىلى
چىقىپ ئۆتتۇ.

يېڭى ئىزلارنى
كۆمۈپ كېتىدۇ.
ئۆپ ــ چۆرە خاراپ،
قارا كۆن بولغان.
باغۇ ــ بوستانلار
دەشتۇ ــ چۆل بولغان.
ھېساپسىز جەسەت
دۆۋلىنىپ ياتقان،
يېزىنىڭ ئىچى
قانلارغا پاتقان.
لوغۇلداپ يالقۇن
ئەتراپنى قاپلار.
ۋەھشى ياپۇنلار
پاك جاينى تاپلار.
تۈن قاراڭغۇسى
كەلدى ــ دە، باستى.
گوياكى ئۇنى
تىك دارغا ئاستى.
ئۇنىڭ يۈرىگى
خۇددى ئىدى تاش،
دارنىڭ ئاستىدا
ئەگمەس ئىدى باش.
كۆزى يۇمۇلۇپ،
يەنە ئېچىلدى.
خۇددى ئالدىغا
نۇرلار چېچىلدى.
كۆردى ئالدىدا
باشقىچە گەۋدە،
چېھرىدە يېڭىش
قىلار تەنتەنە.
يۈزى قىپ ــ قىزىل،
خۇددى جىنەستە،
زىلۋا بويلىرى

سىرلىق گۈلدەستە
يىگىتنىڭ كۆزى
يوغان ئېچىلدى،
پەرۋانىدەك ئۇ
قىزغا ئېتىلدى.
ـ سەنمۇ ئوسمىقىم،
سۆيگۈنۈم يولى،
بەختىم بېغىنىڭ
ئېچىلغان گۈلى.
بىراق، ياش قىزچاق،
چېكىندى دەرھال.
ئۆزگىرىپ رەڭگى،
تىترىدى غال ــ غال.
ـ توختىغىن، تۇتما،
ماڭا قول سوزما.
مۇھەببەت شەرتىن
ۋاقتىسىز بۇزما.
ئەسكەر ئىدىڭ سەن،
نېمىگە كەلدىڭ؟!
ئۇشتۇمتۇت كەپسەن،
كىمنى سېغىندىڭ؟!
ئاتا ھەم ئانائاڭ
تاغلاردا يۈرسە،
ۋەتەن يولىدا
جاپالار كۆرسە،
سەن بۇ يەرلەردە
نىم قىپ يۈرسەن؛
دۈشمەنگە قانداق
مۇشتۇم تۈرسەن؟!
قېنى سەندىكى
ياشلىق ئىرادە؟
قېنى سەندىكى
ئاداققى ۋەدە؟!

قېنى كۆرەشتە
باتۇر بولغىنىڭ،
دۈشمەننى سۈرۈپ،
تارمار قىلغىنىڭ؟
قېنى مۇشەققەت،
جاپاغا تۆزگىنىڭ،
قېنى يېڭىشىڭ
سۆيىدە ئۆزگىنىڭ؟!
قېنى ۋەتەنگە
جاننى بەرگىنىڭ؟!
قېنى دۈشمەنگە
كۆكرەك كەرگىنىڭ؟!
قېنى، ئېيتقىنا،
چىن مۇھەببىتىڭ؟!
ۋەدىلەر بېرىپ
يازغان ئۇ خېتىڭ؟!
ھەر بىر كۆرەشتە،
ئۇلۇغ تەۋرەشتە،
غەلبە قۇچۇپ
يازمەن دېگىنىڭ؟
پولاتتەك چىڭىپ،
دۈشمەننى يېڭىپ،
ئۈستۈنلۈك ئېلىپ،
بارىمەن دېگىنىڭ؟!
ھەممىسى يالغان،
سەندەك سۆيگۈم يوق.
يولىغا باققان
ئىنتىزارىم يوق.
مۇھەببەت ئەسلى
كۆرەشتە ئاشار.
ئۈندىن كۈچ ئېلىپ،
دولقۇنلاپ تاشار.
مەندە مۇھەببەت

ھەرگىز سوۋۇماس؛
سەن چۈشەنگەندەك
نەپرەتلىك بولماس.
قىستاڭ كۆنلەردە
ئۆچمەس يالقۇنى.
تىڭشىساڭ ئەگەر
دېڭىز شاۋقۇنى.
مەنزىلگە بارماي،
بۇندا قىلىپسەن،
كۆرەشتىن قېچىپ
ھالدىن تېيىپسەن.
خوش ئەمىسە، جاڭ.
تاقىقا كېتىمەن،
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمەن.
دېدى ــ دە، قاردىي
ئويناق كۆزىدە.
بار ئىدى غەزەپ
ئوتلۇق سۆزىدە.
يىگىت بىر ھازا
تاش بولۇپ قاتتى.
تىرىكلا تۇرۇپ،
قەۋرىگە پاتتى.
بۇ مۇھەببەتنىڭ
نەپرىتى ئىدى؛
ئەلنى سۆيۈشنىڭ
قىزغىن تەپتىدى.
يىگىت تىلەتىن
كۆزدىن كەچەۋدى.
سۆيگۈ ئوتىنىڭ
مېھرىن ئۆچۈردى.
غەزەپكە تولۇپ،
تاقىقا يول ئالدى.

«ئاھ! . . . » دېدى يىگىت،
قېتىپلا قالدى.
بېشى ئايلىنىپ،
كۆزى تولاشتى،
گۈلدەك چىرايى
بىردىن سولاشتى.

## III

يۈگۈردى، باردى
لىيەنجاڭ ئالدىغا.
«ئەپە قىل» دېدى،
يىقىلىپ پۇتىغا:
ـ يېڭىلدىم، ئازدىم،
مەن چوڭ گۇناھكار.
غەزەپ ۋە نەپرەت
تاشنىمۇ كېسەر.

## IV

كېتىپ بارار جەڭ،
ئۈچ كۈندىن بېرى،
ئۇرۇش تەقدىرى
بولماي بىر سېرى.
چوڭقۇر ئاكوپلار
قويماي يىمىرىلدى،
دۈشمەن ئەسكىرى
مىڭلاپ قىرىلدى.
شۇندىمۇ دۈشمەن
قايتماس ئارقىغا،
جان ــ پېنى چىقىپ
كەلسىمۇ ھالقىغا.
ئۇرۇش تەقدىرىن

قىلىش ئۈچۈن ھەل؛
ئاتاكا باشلاندى
مەيدان بويلاپ دەل.
قىقاس ۋە چۇقان
قاپلاپ مەيداننى؛
كۆرۈنەر خۇددى
قويماستەك جاننى.
ئۇچراشتى ئەنە،
ئىككى تەرەپ تەڭ،
باشلاندى قانلىق
گىرەلەشمە جەڭ.
جاڭنىڭ نەيزىسى
دائىم سانجىلار،
كۈچلۈك قولىدا
دۈشمەن يانچىلار.
كەلسە ياپۇنلار
تاشلايدۇ مجىپ،
جاڭنىڭ ئالدىدىن
كېتەلمەس قېچىپ.
قانلار تۆكۈلدى،
دەريا ــ كۆل بولدى،
دۈشمەن تارمار بوپ،
غەلبە مول بولدى.
تاغدىن پارتىزانلار
كېلىپ قوشۇلدى.
دۈشمەن بەللىرى
تامام ئۇشتۇلدى.

V

سوقۇش تۈگىدى،
جەڭمۇ بېسىلدى.
غەلبە تۇغى

ئېگىز ئېسىلدى.
ئۇرۇشتىن يەكۈن
قىلغاندا لىيەنجاڭ،
ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلەتتى چۇقان.
دۈشمەن يوقاتقان
قورال ۋە جاننى
كۆرسىتىپ كېلىپ،
ئەسلىدى جاڭنى.
- ۋەتەنگە باغلاپ
يۈرىگىن دائىم،
قىلمىدى ئەسلا
ئۆلۈمدىن ۋاھىم.
بۇ قېتىم جەڭدە
يالغۇز بىر ئۆزى،
كەلسىمۇ قارشى
دۈشمەندىن يۈزى،
قەدەم چېكىنمەي
ئالغا ئىنتىلدى،
دۈشمەن ئۈستىگە
ئوقتەك ئېتىلدى.
ئۇرۇشمۇ تۈگەپ،
ئىزلىدىم ئۇنى.
تەبرىكلەش ئۈچۈن
باتۇر جەڭچىنى.
ھېچكىم بىلمەيدۇ
نەدە قالغىنىن،
ياكى مەجرۇز بوپ
ھۇشسىز تالغىنىن.
سۆزمۇ تۈگىمەي،
پەرىد سالدى قىز.
مەيداننى بويلاپ،
باراتتى ئۇ تېز.

مەيدان كېزەتتى،
كۈن ــ تۈن ئىزلەيتتى.
جەڭچىنىڭ ئىشقى
قەلبىن ئېزەتتى.
چىدىيالماس ھېچ
جەسەتنى تاپماي،
يۈزىگە قىزىل
بايراقنى ياپماي.
ياقىلاپ دەريا،
باراتتى ئالغا.
ئىنتىزار بولغاندەك
گۈزەل بىر تاڭغا.
ئېشىپ قىرغاقتىن،
چىققاندا بىر چاغ،
پۈتلاشتى ئاڭا
سوزۇلغان ئاياق.
ئاتتى ئۆزىنى
جەسەت ئۈستىگە؛
چىدالماي پەقەت
جاڭنىڭ ھۆسنىگە.
يىغلايتتى قىزچاق
تۆكۈپ يېشىنى.
يەردىن كۆتەرمەي
مۇڭلۇق بېشىنى.
ـ كەچۈر يىگىتىم،
سۆيۈنلۈگۈم جاڭ،
سىنىڭدىن رازى،
ئاتا ۋە ئاناڭ.
سېنىڭدىن رازى
ئۇرۇق ــ تۇققىنىڭ؛
سەپتىكى جەڭچى
ۋەتەن ــ ھەم يۇرتۇڭ!

## VI

مۇھەببەت، نەپرەت
بىر تۇققان ئەمەس.
لېكىن بۇلارنى
ئايرىماقمۇ تەس.
نەپرەت ھەم لەنەت
دۈشمەنگە خاستۇر؛
دوستقا مۇھەببەت
ھەر قاچان ماستۇر.
دۈشمەنگە نەپرەت
ھەر بىر يۈرەكتە
يانسۇن، تۇتاشسۇن
ئۆرلەپ پەلەككە.
ۋەتەن، بىل، ئاناڭ،
قاينىسۇن رىغبەت،
مەشئەلدەك يانسۇن
قايناق مۇھەببەت.
مۇھەببەت جاڭنى
سورىدى جەڭگە.
باغلىغاچقا دىل
ئەزىز ۋەتەنگە.

## VII

تۈن ئىدى بوران،
قۇترار شىۋىرغان.
كىملەر شەرققە
قاراپ يول ئالغان؟!
جۇڭخۇا ئەۋلادى،
ئۇلار جەڭچىلەر.
ۋەتەن يولىدا
كۆرەشكۈچىلەر.

قۇترىسمۇ جۇت،
بەربىر، ماڭار،
تۈنلەر سۈرۈلۈپ،
ئاتقىچە تاڭلار.
تاڭنىڭ شولىسى
ئەنە يىراقتا؛
كۆرەش بىلەن سەن
چامدا شۇ ياققا!

1942 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

***ئىزاھات:***

*① ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالتە يىللىقى. ــ تەھرىردىن.*

# سەھنە ئەسەرلىرى

## كۆرەش قىزى①

(ئوپېرا)

قاتناشقۇچىلار:

يۇلەن ــ قىزغىن، چىچەن قىز.
لى يافېن ــ يۇلەننىڭ دوستى.
جاۋمىڭشىڭ ــ ياپۇن باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان.
بوۋاي ــ يۇلەننىڭ ئاتىسى.
موماي ــ يۇلەننىڭ ئانىسى.
ئالۋاستىلار ئوفىتسېرى.
خائىن.
ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى.
ياپۇن ئەسكەرلىرى، ياپۇن دۇيجاڭى.
باتۇر جۇڭگو ئارمىيىسى، ئەر ــ ئايال ئاما.

### بىرىنچى پەردە

ئاددى بىر دېھقان ئائىلىسى، تۇن نىسپى بولغان چاغ، يۇلەن جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ھەربىي كىيىم تىكىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ كىيىم تىككەچ ناخشا ئېيتىدۇ، ناخشىسى بىلەن ھەركىتى ئىنتايىن ماسلىشىپ كېتىدۇ.

يۇلەن:

كىرىپىك قاقماي، ناخشا ئېيتىپ ئۇزۇن تۈنلەردە
مەن قەھرىمان جەڭچىلەرگە تىكىمەن كىيىم،
ئۇ جەڭگىۋار باتۇرلارنى يادىمغا ئالسام،
كۆتىرىلەر ۋۇجۇدۇمدىن ھارغىنلىق سىزىم.
ئۇلار ئۈچۈن بۇ مېنىڭكى ئەرزىمەس سوغام،
كىيسۇن ئۇنى جەڭدە يۈرگەن بىزنىڭ ھەربىيلەر،
ئېيتىلسۇن جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كۆكرەكنى،

روھلۇق بولۇپ دۈشمەنلەرگە بەرسۇن زەربىلەر.
(لى يافىن ئاستا كىرىپ كېلىپ، يۈلەننىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ.)

لى يافىن:

يېرىم كېچە بولدى، ئىشىڭ بولماپتۇ تامام،
كېچە ــ كۈندۈز ئالدىرايسەن، ئالمايسەن ئارام؟

يۈلەن:

ئەزىز دوستۇم، بىلگىنىڭ سەن، قاندان چاغلار بۇ،
تەشۋىش بىلەن قاپلانغاندۇر بۇ ئەنسىز زامان؟
پەھلىۋانلار جەڭ قىلماقتا فرونتتا كۈن ــ تۈن،
دۈشمەنلەرنى قىرىپ ــ چېپىپ بەرمەي ھېچ ئامان.
دائىم تەييار، قورقماس ھەرگىز ئوق يامغۇرىدىن،
ۋەتەن ئۈچۈن قانلىرىنى تۆكمەكتە ھەممە.
ئالغا بېسىپ ئىنتىلمەكتە پارلاق تاڭلارغا،
باسقان ھەر بىر قەدەملىرى بىر ئۇلۇغ غەلبە.
بېسىپ كىردى ياۋۇز ياپۇن ئالۋاستىلىرى،
ئېلىمىزنى قاپلاپ ئالدى مىسلىسىز كۈلپەت.
بىخارامان يۈرۈۋېرىش ئاپەتتۇر بىزگە،
سەل بوشاشساق ساتقىنلارغا بېرىمىز پۇرسەت!
جىنايەتلىك ئويلار بىلەن ئۇرۇنۇپ دۈشمەن،
تىلەك ــ تىڭلايدۇ ھەركىتىمىز ــ خەۋىرىمىزنى.
جاللاتلارنىڭ شۇملۇقلىرى ئىتتىنمۇ رەزىل،
ھىلە ــ مىكىر بىلەن قولغا ئالماقچى بىزنى.
خەلقىمىزنى ئالدىماقتا ساتقىنلار يەنە،
ۋەتەن سېتىش ئۇلار ئۈچۈن رەزىل مۇددىئا.
شۇنىڭ ئۈچۈن كېلەيلى بىز تېزدىن ھەركەتكە،
ئاگلىق ھالدا ئېتىلايلى كۆرەش قوينىغا.
ئالدىنقى سەپ باتۇرلىرى ئۈچۈن ئىشلەيمەن،
چارچىساممۇ مەيلى يەنە ئوچۇقتۇر زېھنىم.
ھە، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى قانغا مىلەنگەن،
ئۇلار ئۈچۈن كىرەك بەكمۇ مەن تىككەن كىيىم.
ئۇلار ئۈچۈن مەيلى تامام ئۇخلىمىساممۇ،
يېڭى كىيىم چىقسۇن تېزدىن باتۇر بەستىگە.
ئالغا چامداپ ماڭسۇن ئۇلار بوران ــ چاپقۇندا،

ماڭسۇن يېڭى كۆرەشلەرگە، ئۇلۇغ غەلىبىگە!

لى يافېن:

جېنىم دوستۇم، ۋۇجۇدۇمغا سىڭدى سۆزلىرىڭ،
ئىشىڭ ئەلگە مەنپەئەتلىك، چۈشەندىم سېنى.
ئۇ مۇقەددەس قايسى كىتاب سېنى ئويغاتقان؟
بىلگىنىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، يېتەكلە مېنى.
شانلىق كۆرەش يوللىرىنى ئۆگەتكىن ماڭا،
مەن ئورۇنلاي ئېلىمىزنى قوغداش بۇرچىنى!

يولەن:

بىز كۆرەشلەر داۋامىدا ئۆگىنىپ بارىمىز،
دۈشمەنلەرنى يوق قىلىمىز قەتئىي كۆرەشتە.
بۇ ئۆگىنىش يورۇتماقتا ماڭار يولۇمنى،
ئەرك ئۈچۈن جەڭگە كىر دەپ ئۇلۇغ تەۋرەشتە.
ھەقىقەتنىڭ كىتابىدۇر مېنى قوزغاتقان،
ئىنقىلابىي يەنئەن ئۇنىڭ تۆرەلگەن جايى.
ئۇ كىتابتا ئەسلىنىدۇ زۇلمەتلىك ئۆتمۈش،
سۆزلىنىدۇ ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىقبالى.
ئۇندا پولات چاقنىشى بار، قاتتىق تاۋلانغان،
ئۇ ئۈندەيدۇ بىزنى جەڭگە، ئۈندەيدۇ ئالغا!
كەڭ شىنجاڭ بار كەينىمىزدە مەھكەم ئارقا سەپ،
تەييار دائىم ئاتلىنىشقا جەڭ مەيدانىغا.
ئۇ يەر ئىدى بۇرۇن چەكسىز چۆل ۋە جەزىرە،
رىۋايەتتىن تىلسىمات دەپ بىلەتتۇق ئۇنى.
مىللىتارىست ياڭ زىڭشىن ۋە جىن شۇرىن جاللات،
ئاياق ــ ئاستى قىلىپ كەلدى شىنجاڭ خەلقىنى.
«ئون ئىككىنچى ئاپرېل» دېگەن قوزغىلاڭ ئوتى
قوغلىۋەتتى ياڭ، جىنلارنى چىرىك تەختىدىن.
ئاياقلاشتى جېدەل، تالاش مىللەتلەر ئارا،
ھايات تاپتى، قۇدرەت تاپتى خەلق قايتىدىن.
پانتۈركىست ھەم ۋاڭ جىڭۋېينىڭ گۇماشتىلىرى
ئاققۇزالماس بولۇپ قالدى پىلانلىرىنى.
ئىزلىمەكتە خەلق ئەمدى مەڭگۈ ئازادلىق،
بىت ــ چىت قىلىپ ساتقىنلارنىڭ خىياللىرىنى.

تەربىيىگە ئىگە بولدى ئوغۇل ۋە قىزلار.
تۆرلۈك ئىشلار ئۈيغۇن بولدى خەلق مەيلىگە.
ئالغا قاراپ سوزۇلماقتا پولاتتەك يوللار،
يۈزلەنمەكتە شىنجاڭ گۈزەل باھار پەسلىگە.
ئىلىم ــ ھېكمەت ھەققىتى ــ غەلبە بايرىقى،
جەڭ ئىچىدە كۈچلەندۈرەر ئۇ بىلەكلەرنى.
كۆرسىتىدۇ توغرا يولنى ئاداشقانلارغا،
دەشت ــ چۆللەردە ئېچىلدۇرار گۈل ــ چېچەكلەرنى.
ھەققەتنى چۈشەنگەچكە ئۇرغۇدى قەلبىم،
تامام باشقا كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە دەۋران.
ئىنتىلمەن قايناپ ــ تاشقان جەڭ مەيدانىغا،
جېنىم دوستۇم، بولدۇم گويا يېڭى بىر ئىنسان.
بىلگىن شۇنى، ئەرك بىزگە كەلمەس كۆرەشسىز،
ئىقبالىمىز يوروۇقلۇقتىن تاپالماس بەلگە.
سەن بىلەمسەن ماۋزېدۇڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى؟
دېگەن ئىدى: خەلق ياۋنى يەڭگەن چاغدىلا،
ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ئاشار ئەمەلگە.
جەڭ ــ كۆرەشلەر بولدى مېنىڭ يېقىن ھەمرايىم،
بىكار ئۆتكەن يىللىرىمغا قىلدىم پۇشايمان.
كۆرەشلەردىن ئۇزۇق ئالسۇن پولات ئىرادە،
كۆرەش بىلەن ئىشقا ئاشار بىزدىكى ئارمان.
مۇسىبەتنى ئۆزگەرتەيلى بايراملارغا بىز،
ئىككىلىنىپ ھەم تىترقاپ تۇرمايلى ھامان.

(ملتىق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ ۋە بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. قىر ــ چاپ ئاۋازلىرى ئاياللار ۋە باللارنىڭ يىغا ئاۋازلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. يولەن ئاستا دېرىزىگە قاراپ ماڭىدۇ، لى يافېن بىر ئاز قورققان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ.)

يولەن:

قارا! خائىن باشلاپ كەلدى ئالۋاستىلارنى،
قىرىنداشلار قىرىلماقتا ئۇلار دەستىدىن!

(تاشقىرىدىن يەنە ۋاقىراشلار ئاڭلىنىدۇ)

كىممۇ ھايات قالسۇن تۆمۈر تاپان ئاستىدا،

تۇرسا ئۇلار ياۋايى ھەم ۋەھشى ئەسلىدىن.
ئۆلتۈرمەكتە ئەر ـــ ئايال ۋە ياش ـــ قېرى دېمەي،
يېرىپ قوساق زەھەر تامغان تىغلىرى ئۆتتىك.
تىللىرىنى كەستى ئەلنىڭ، ئويدى كۆزلەرنى،
كىشلەرنى تۇتۇپ ئېلىپ كۆمۈشتى تىرىك!
جېنىم دوستۇم، قىلالايمىز قانداقمۇ تاقەت،
پارتىزانلار ئەترەتلىرى چىللايدۇ بىزنى.
قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ياۋنى قوغلايلى،
دېڭىزلارغا چۆكتۈرەيلى قويماستىن بىرنى.
ئېتىلايلى جەڭ ـــ كۆرەشنىڭ يالقۇنلىرىغا،
چېنىقايلى يېتىشتۈرۈپ پولاتتەك چىدام.
بىز كۆرەشتە ئايالالارنى ئۈيۈشتۇرايلى،
ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايى بولسۇن ئىستىھكام.
يۈرگىن دوستۇم! جەڭ ئىچىدە بولايلى ھەمرا،
ئالغا! ئالغا! دۈشمەنلەرنى قىرايلى تامام!

(بوۋاي بىلەن موماي يۈلەننىڭ يەتتە ياشلىق ئېنىسىنى يېتىلەپ، ھودۇققانلىرىچە يىقىلىپ ـــ قوپۇپ كىرىپ كېلىشىدۇ.)

بوۋاي:

ئالۋاستىلار كەلدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
بۇ ئاپەتلىك كۈنلەر بىزنى قويدى ۋەھىمىدە.
خالىغانچە ئاياق ـــ ئاستى قىلدى دۈشمەنلەر،
ۋەھشىلىكى يۈرەكلەرنى قىلدى كۆپ زىدە.
باللىرىم كىچىك سىلەر، مەن قانداق قىلاي؟
مەن سىلەرنى قانداق قىلسام ساقلايمەن ئامان؟
كۆرەر كۈننى كۆرۈپ بولدۇم، مەن ئۆلسەم مەيلى،
سىلەر قانداق قىلارسىلەر؟ ئاھ، ئېغىر زامان!

يۈلەن: ( بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، قەتئىي ھالدا)
دادا! بىلگىن، ئۈمىدسىزلىك كارغا كەلمەيدۇ،
كۈچىمىزگە يۆلىنەيلى، باسايلى ئالغا.
قول قوشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرساق بولىمىز تۇتقۇن،
كۆرەش قىلساق كۆمەلمەيمىز ياۋنى مازارغا.
ئەنسىرىمە، دادا مەندىن، يىمە ھېچ بىر غەم،
كېچە دېمەي مەن كېتىمەن پارتىزانلارغا. . .

موماي:

جېنىم قىزىم، بىز ھەممىمىز بىللە بولايلى،
ئايرىلمايلى ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم ۋاقتىدا.
جېنىم قىزىم، ھېچ قەيەرگە چىقمىغىن ئۆيدىن،
تىرىك تۇرۇپ مەن سېنىڭدىن بولمايمەن جۇدا!

يۇلەن:

جېنىم ئانا، بۇ گەپ قانداق چىقتى ئاغزىڭدىن؟
كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، كۆتەر باشىڭ تىك.
بىز بەرمىسەك دۈشمەنلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە،
دۈشمەنلەرنى يوقاتمىساق قالامدۇق تىرىك؟
جېنىم ئانا، قەدىردانىم، رۇخسەت قىل ماڭا!
بىخوت بولساق كۈنلىرىمىز بولىدۇ دەرتلىك.
ھورۇنلاشساق بويىلىدۇ جىسمىمىز قانغا،
مەن بارىمەن، كۈتەر مېنى جەڭلەر شىددەتلىك!

بوۋاي:

مەيلى بارسا بارسۇن يۇلەن، ماقۇل بول ئاڭا!
جازالىسۇن جەڭلەردە ئۇ قان ئىچەرلەرنى.
ئالسۇن قىساس، غالىپ كەلسۇن دۈشمەن ئۈستىدىن،
چوقۇم قولغا كەلتۈرەيلى شانلىق زەپەرنى!

(لى يافىن بىلەن يۇلەن ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ، موماي نەرسە ــ كېرەكلەرنى يوشۇرۇشقا باشلايدۇ. بوۋاي دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇرۇش داۋام قىلماقتا. يۇلەن بىلەن لى يافىن ھەربىي كىيىم كىيگەن ھالدا كىرىپ كېلىپ، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.)

يۇلەن:

دادا، ئانا، ئەزىزلىرىم، بولۇڭلار ئامان،
بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار جاپا ئاستىدىن.
جاسارەتلىك بولارسىلەر، كەتتۇق بىز، خەير!
غەلبە كۈنى ئۇچرىشارمىز يەنە قايتىدىن.

بوۋاي:

ماقۇل بالام، خەير ئەمدى، مېڭىڭلار چاققان!

(دېرىزە تەرەپتىن ئوت چاقنايدۇ، ئوق ئاۋازى قويۇقلىشىدۇ. يۇلەن بىلەن لى يافىن دېرىزىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئوق ئاۋازى شالاڭلىشىدۇ، خائىن ئالۋاستىلارنىڭ

ئوفتسېرى بىلەن ياپون ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ.)
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:
نېمە مەجبۇر قىلدى سېنى يالغۇز قىلىشقا؟
پارتىزانغا قېتىلمىدىڭ بېرىپ نېمىشقا؟
بوۋاي:
خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم! مەن قېرى ئادەم،
يارىشامدۇ قېرىغاندا جەڭلەردە يۈرۈش؟
نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن پارتىزانلارغا؟
ئەۋزەل ماڭا ئۆز ئۆيۈمدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش.
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:
ھە، قاتناشقان بولار ئىدىڭ ئەگەر ياش بولساڭ،
قېرىمىساڭ، دېمەك، رەقىپ بىلەتتىڭ بىزنى.
ئەپسۇس، پەقەت قېرىغاچقا ئۆيدە قاپسەن ـ دە!
نېمە مەقسەت بىلەن قالدىڭ، ئېيتقىن راستىنى؟
ئەگەر بىزگە كۆرسەتشىنى خالىساڭ خىزمەت،
ئۆلتۈرمەسلىكىممۇ بەلكى مۇمكىندۇر سېنى.
كۆمۈلىدۇ ئۈستى ـ بېشىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە،
تۇتالايسەن ئۆز قولۇڭدا بايلىقلىرىڭنى.
قانداق، راستى بىلەن ئېيتىپ بېرەمسەن ماڭا،
كىم ئۆگەتتى ساڭا ئۆيدە تەنھا قېلىشنى؟
(بوۋاي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمايدۇ.)
خائىن:
جاناپ باشلىق ئېيتتى ساڭا ياخشى گەپلەرنى،
ئورۇنلىساڭ بولالايسەن ئەڭ كاتتا پۇلدار.
بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغىن خۇشاللىق بىلەن،
مۆھتەرەمگە يېقىن بولساڭ ئىشىڭ ئوڭ بولار.
(بوۋاي بىزار بولغان ھالدا بېشىنى بۇراپ، غەزەپلىك نەزەر بىلەن ئالۋاستىلار ئوفتسېرىغا، ئۆيدىن چىق، دېگەنلىك قىلىپ قارايدۇ.)
خائىن:
بولدى، بوۋاي، بۇ تەرەپكە ماڭغىن مەن بىلەن،
ئىش توغرىلىق سۆزلىشەيلى ئەمدى ئىككەيلەن!
بوۋاي:
مەن ياشىنىپ قالدىم، ئىشمۇ قىلالمايمەن ھېچ،

بىسەرەمجان قىلمىساڭلار، قويساڭلارچۇ تىچ!
ئالۋاستىلار ئوفتىسىرى:
قويساڭلارچۇ!؟ (كۆزلىرىنى ئالايتىدۇ.)
خائىن:
ئۆت بۇياققا، ئارتۇق گەپنى قىلمىغىن بىكار،
قىرىلىق بىلەن بۇ ئىشلىك بە ئالاقىسى بار؟
(خائىن بوۋاينى باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ، ئاز ئۆتمەي، ئۇ يەنە قايتىپ كىرىپ، موماينىڭ ئالدىغا بارىدۇ.)
خائىن:
موماي، سىزنىڭ قىزىڭ نەدە؟ بۇ جاناپلىرى ــ
قىزىڭىزنى جۇڭگۇلۇقنىڭ گۈزەللىرىگە.
خاتىرجەم بول، ئەمەس ھەرگىز يامان نىيەتتە،
يالغان ئەمەس، بۇ سۆزۈمگە مەن ئۆزەم ئىگە.
موماي:
مەن ئۇقمىدىم ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى،
بىزگە ئېيتماي چىقىپ كېتەر ئۇ قىزىم پات ــ پاتئ
ئەگەر قىزىم بولغان بولسا شۇ تاپتا ئۆيدە
باشلاپ چىقىپ باشلىقىڭغا  كۆرستەتتىم شاد.
ئالۋاستىلار ئوفتىسىرى:
مەن بىلمەن «شاد» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە،
كۆزلىرىڭدىن قىساس ئوتى يانماقتا ھەدەپ.
مەن سۆزۈڭنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم تولۇق،
ئېيتقانلىرىڭ سىزنىڭ ھازىر نەدىمۇ راست گەپ؟
بىلىپ قويغىن، بىزنى ھەرگىز ئالدىيالمايسەن،
بىزگە مەلۇم، جۇڭگولۇقنىڭ پەس ئىنسانلىقى.
پەقەت بىزلا ئىسىلزادە مىللەت بولىمىز،
مەڭگۈ مەنسۇپ بىزگە بىزگە دۇنيا زوراۋانلىقى.
سەن قىزىڭنى قەستەن ئۆيدىن قاچۇرۇۋەتكەن،
يالغان ئېيتىپ مېنى تېخى قىلماقچى ئاخماق!
(ئالۋاستىلار ئوفتىسىرى ئەسكەرلىرىنى چاقىرىپ)
بۇ ئالدامچى پەس موماينى بىسىڭلار يەرگە،
ئۇنى دەرھال جەھەننەمگە يوللىسۇن تاياق!

(ئالۋاستى ئەسكەرلەر مومايىنى ئۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىشىكتىن بوۋاي ئېتىلىپ كىرىدۇ.)

بوۋاي:

ئۇ ياشىنىپ قالغان موماي، ئۇرماڭلار ئۇنى،
ئۇ ئۆزگىنىڭ كۆتۈشكە مۇھتاج ھەر كۈنى.
قىينىماڭلار ئۇنى ھەرگىز رەھىم قىلىڭلار،
سوراپ قالاي، تىلەپ ئالاي سىلەردىن ئۇنى!

ئالۋاستىلار ئوفىتسېرى:

ئۆلگۈر قېرى، سەنمۇ كېلىپ ئالدىماقچىمۇ؟
قېنى ئېيتقىن، قىزىڭ نەدە، ئېيتىپ بەر چاپسان!
ساختىپەزلىك قىلما مۇنداق مېنىڭ ئالدىمدا،
سۆزلە، قىزىڭ نەگە كەتتى، يوقالدى قاچان؟

بوۋاي:

ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا يوقالدى قىزىم،
كەتمە دېدىم، كۆپ گەپ قىلدىم، ئۆتمىدى سۆزۈم،
ئۇ قاياققا قاراپ ماڭدى، نەدىن بىلەيلى . . .

خائىن:

تاپالامدۇق ئۇنى دەرھال ئىزلەپ كۆرەيلى؟

بوۋاي:

نېمە دېسەم بولاركىن؟ ئۇقالمىدىم مەن . . .

ئالۋاستىلار ئوفىتسېرى:

مەن بىلىمەن، قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتتىڭ سەن!
جازالاڭلار! ئۆلگۈر قېرى ئالدىدى مېنى.
كالتەكلەڭلار، ئۇندىن كېيىن ئېسىپ قويۇڭلار،
تېتىپ باقسۇن يالغان گەپنىڭ ئاچچىق تەمىنى!
(ئالۋاستىلار ئوفىتسېرى ئەسكەرلەرگە قاراپ)
ھە نېمىشقا قاراپ قالدىڭ قول سېلىشمامسەن؟
زاۋال تاپقۇر بۇ قېرىنى جازالاشمامسەن؟

(ئۇلار قېرى بوۋاينى يەرگە يىقىتىدۇ، موماي بىلەن كىچىك ئوغۇل ئېتىلىپ كېلىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئۇلارنى مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرى بىلەن توسۇۋالىدۇ، بوۋاي جازالىنىدۇ.)

ئالۋاستىلار ئوفىتسېرى:

سالدۇرۇڭلار ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى،

ئاتىماستىن راسا قاتتىق ئۇرۇڭلار ئۇنى!

(ئالۋاستى ئەسكەرلەر بوۋاينى يالىڭاچلايدۇ. ئالۋاستىلار قولىغا كالتەك ئېلىپ، بوۋاينى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلايدۇ. بوۋاي ھوشىدىن كېتىدۇ، پۈتۈن بەدىنى قانغا بويىلىدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ. خائىن سىرتتىن تاماق ۋە سەي كۆتىرىپ كىرىدۇ. ئىككى ئالۋاستى ئەسكەر موماي بىلەن كىچىك ئوغۇلنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىشقا باشلايدۇ. خائىن يىغلاپ تۇرغان بىر قىزنى سۆرەپ، دېرىزىنىڭ كەينىدىن ئېلىپ ئۆتىدۇ، ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ. تاشقىرىدىن قىزنىڭ يىغا ئارىلاش ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. سەھنە جىمىپ، قايغۇلۇق مۇزىكا چېلىنىدۇ، بوۋاي بېشىنى كۆتىرىدۇ . . . . . )

بوۋاي:

ئاھ، بۇ قانداق نۇمۇسسىزلىق، ئاھ نۇمۇسسىزلىق!
ۋەھشى دۈشمەن ئېلىمىزگە قىلدى تاجاۋۇز.
ئېلىپ كەلدى بىزگە ئېغىر، قارا كۈنلەرنى،
بېشىمىزغا توغرا كەلدى بىر يامان يۇلتۇز.
ياق، قويمايمىز دۈشمەنلەرنى مۇنداق مەيلىگە
ئانا زېمىن بۇلغانمايدۇ بولساق بىز ھايات.
قۇتراپ كەتكەن ياۋۇز دۈشمەن مەھكۇم ئۆلۈمگە،
جىنايەتلىك سۇيقەستنى قىلمىز بەربات.
غەزەپ مەندە يالقۇنلاتتى يانغان ئوتلارنى،
يانغان ئوتلار كۆل قىلغۇسى بۇ فاشىستلارنى!

(بوۋاي پۈتۈن كۈچى بىلەن بېشىنى كۆتىرىشكە تىرىشىدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى خائىننىڭ يەلكىسىگە قاققان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ.)

ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

سەن يارايسەن، سەن بەكمۇ ياخشى، ياخشى،
زېرىكىشتىن خالاس قىلدىڭ، ئاچتىڭ كۆڭلۈمنى.
نېمىلەرنى دەركىن يەنە بۇ ئۆلگۈر بوۋاي،
سۇ سېپىپ باق، سەن ھوشىغا كەلتۈرگىن ئۇنى!
بىلىپ قالسۇن بوۋاي مېنىڭ قالتىسلىقىمنى،
ئەدەپلەيمەن، قېنى ئۇنىڭ نە بولۇر ھالى!
كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن ئۇنىدىن ئەھلى جامائەت،
بىلسۇن بىزنىڭ قولىمىزدا جوڭگو ئىقبالى.
جوڭگولۇقلار رەقىب بىزگە، ئىلكىمىزدىدۇر،

چاپماق، قىرماق ۋە كۆيدۈرمەك ئەركىمىزدىدۇر!
(ئالۋاستى ئەسكەرلىرى موماي بىلەن كىچىك ئوغلىنى ئېلىپ كىرىپ، بىر بۇلۇڭغا قىستاپ قويىدۇ، خائىن بوۋاينىڭ يۈزىگە سۇ چاچىدۇ، بوۋاي ھۇشىغا كېلىدۇ.)
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

ئۆلگۈر قېرى، سەن قىزىڭنى تاپامسەن ــ يوقمۇ؟
ياكى يەنە سۆز قايتۇرۇپ يانامسەن ماڭا؟
سەن قىزىڭنى ئەگەر دەرھال تېپىپ بەرمىسەڭ،
كۆرستىمەن جەھەننەمنىڭ كۈننى ساڭا!
كېسىپ قولۇڭنى،
ئۈزۈپ پۇتۇڭنى،
توغراپ تاشلايمەن،
كېتەر ھىلى پۈتۈن جىسمىڭ مىڭ پارچە بولۇپ.
ئۈچيىڭنى قورسىقىڭدىن تارتىپ، سۇغۇرۇپ،
يۈرىكىڭنى كۆكرىكىڭدىن ئالىمەن يۇلۇپ.
راست گەپ قىل پەقەت،
پەقەت راست گەپ قوزغىتىدۇ مېنىڭدە شەپقەت!

بوۋاي:

سورىساڭمۇ تۈمەن قېتىم، دېگىنىم دېگەن،
مەن بالامنى تاشلىمايمەن بۆرە ئاغزىغا.
پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتى قىزىم،
قورال ئېلىپ كەتتى شانلىق ئەترەت ئالدىغا.
پارتىزانلار يوق قىلار سەن قاراقچىلارنى،
قېرىنداشلار قىساسىنى ئالار جەڭلەردە.
سەندەك ياۋۇز جاللاتلارنى قىرىدۇ ئۇلار،
كۆيدۈرىدۇ فاشىستلارنى ئوتلۇق يەرلەردە.
مېنىڭ قىزىم كەتتى قايناق، مۇقەددەس جەڭگە،
بىلىپ قويغىن، جاللات، ساڭا مەن ئەگمەيمەن باش.
ئوغاق، قىلىچ، كالتەكلەرنى چىقتۇق كۆتىرىپ،
بىزگە ھەرگىز لايىق ئەمەس باش ئېگىپ ياشاش.
بىز ئۇيۇشتۇق، بولدۇق گويا پولات سەددىچىن،
ئىزلەپ ئەرك، قوزغاپ كۆرەش، خەلق ئويغاندى.
قورقىتالماس ۋەھىمىلىك زوراۋانلىقلار،
تۆت يۈز ئەللىك مىليون خەلق ئەمدى قوزغالدى.

ماڭدى ئۇلار ئازادلىقنىڭ داغدام يولىغا،
ھەر بىر سەپتە قانات يايدى شانلىق بىر يۈرۈش.
مۇقەددەس بۇرچ بولدى بۈگۈن جۇڭگو خەلقىگە
مەملىكەتنى قوغداپ قىلىش، ۋەتەننى سۆيۈش.
ئۆلۈم ئەلا بىزگە ۋەتەنسىز، قۇل بوپ ياشاشتىن،
جۇڭگو خەلقى سەندەكلەرگە ئەگمەس مەڭگۈ باش.
جاللات، سېنىڭ مۇددىئايىڭ ئاشماس ئەمەلگە،
سەن پاشىغا ئارزۇ تېخى جۇڭگونى غاجاش!

(بوۋاي ئالۋاستىلار ئوفتسېرىغا قاراپ ئېتىلىدۇ، ئۇنى ئالۋاستى ئەسكەرلەر تۇتۇۋالىدۇ، ئالۋاستىلار ئوفتسېرى چۆچىگەن ھالدا كەينىگە چېكىنىپ، تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ.)

ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

ئوڭاي شۇنداق، تونۇش سۆزنى ئېغىزغا ئېلىش،
كۆرۈمەيدۇ سەندە قىلىچە قورقۇش، ئەيمىنىش!
سەن بىلەن ئوق پاراڭلاشسا ياخشى بولغۇدەك،
يۈرۈپتىمەن مەن باياتىن بىكار گەپ سېتىپ.
كېلىڭلار، بۇ ئالدامچىنى ئېلىپ چىقىڭلار،
ئويۇپ ئېلىپ كۆزلىرىنى ئېتىپ تاشلاڭلار!

بوۋاي:

ئىختىيارىڭ، مەيلى مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر!
بىلىپ قويكى، ئارقامدا بار مىليون قېرىنداش.
بېسىپ ئۇلار قۇربانلارنىڭ قان ئىزلىرىنى،
ئالار سەندىن بىر كۈن چوقۇم ھەققانىي قىساس!
سەنلەر يۇتۇپ كېتەلمەيسەن ھەرگىز دۇنيانى،
جۇڭگولۇقنىڭ
جەڭلەر بويىلاپ ماڭغىنى ماڭغان.
چەكسىز نەپرەت قوزغار پەقەت جىنايەتلىرىڭ،
ئاخىر بىر كۈن بولۇشسەن كۆكۈم ۋە تالقان!
(بوۋاي خائىنغا قاراپ)
ئېتىنىڭ كۈنى سەندىن ياخشى، ئەي يۈزسىز خائىن،
سەندىمۇ پەس، رەزىل مەخلۇق بارمۇ دۇنيادا؟
سەن قەلبىڭنى ياۋۇز ياۋغا ساتقان مۇناپىق،
قۇيرۇقىڭنى شىپاڭلاتتىڭ جاللات ئالدىدا.
سەن ئىچسەن ئۆزگىلەردىن ئاشقان يۇندىنى،

بۇ قىلمىشىڭ ياخشى كۆڭگە قويمايدۇ سىنى!

ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

قۇرۇق گەپنى ئازراق قىلسۇن ئېيتقىلار ئاقا،
كۆزلىرىنى ئويۇپ ئېلىپ بېرىڭلار ماڭا!

خائىن:

ۋالاقلىما، ئۆز مەيلىڭچە، ئەي قېرى كاززاپ،
كۆرۈپ باققىن قانداق ئىكەن دۇنيادا ئازاب!

(ئالۋاستى ئەسكەرلىرى بوۋاينى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، بوۋاي ئۇلارنى غەزەپ بىلەن تىللايدۇ. موماي كىچىك ئوغلىنى يېتىلىگەن پېتى ئالۋاستىلار ئوفتسېرىغا ئېتىلىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئۇنى توسۇۋالىدۇ، موماي بىر ئالۋاستى يىقىتىۋېتىپ، ئالۋاستىلار ئوفتسېرىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ئۇنى تېپىپ يىقىتىۋېتىدۇ، موماي ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئېتىلىدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ئوق چىقىرىدۇ، موماي يىقىلىدۇ، كىچىك ئوغۇل مومايىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، مومايىنىڭ يېنىدىن چەتكە تارتىدۇ.)

ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

ھە، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا قارشىلاشماقتا،
ئەمما سىلەر بولۇسىلەر بىكار ئاۋارە.
جەھەننەمگە ئەۋەتىڭلار بۇ شۇمتەكىنمۇ،
پۇتلىرىدىن تارتىپ، يىرتىپ قىلىڭلار پارە!
ئۆلتۈرۈڭلار ئۇ بوۋايغا ئېنىق كۆرسىتىپ،
قارشىلىقنىڭ ئازابىنى باقسۇن ئۇ تېتىپ!

(ئىككى ئالۋاستى ئەسكەر باللىنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتقىنىچە ئۇنى سىرتقا ئېلىپ ماڭىدۇ، بالا ۋارقىراپ يىغلايدۇ. كۆكرىكىدىن قان ئېقىۋاتقان موماي بېشىنى كۆتىرىپ بالىغا قارايدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ئۇنىڭغا قارىتىپ يەنە ئوق چىقىرىدۇ. تاشقىرىدىن باللىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇياقتىن — بۇياققا يۈرۈشكە باشلايدۇ. ئالۋاستى ئەسكەرلەر بوۋاينى ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئويۇۋېتىلگەن، پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان. ئۇ، يەردە ياتقان مومايغا قاراپ، ساق قالغان كۆزىنى يۇمىدۇ.)

ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:

قانداق بوۋاي، تاپتىڭمۇ سەن ئەمدى قانائەت؟
بۇ جازانى سېتىۋالسۇن دەپتۇ كىم سىنى؟
بىلىپ قويغىن، بىزگە رەقىپ بولالماس ھېچكىم،
رەقىپ بولسا، زادى تىرىك قويمايمىز ئۇنى.

قىلچە شەپقەت كۆرسەتمەيمىز بىز ئۇنداقلارنى،
ئۇق، زەمبىرەك، زەھەرلىك گاز بىزگىدۇر قورال!
پۈتۈن دۇنيا تىترەپ تۇرۇپ ئەگسۇن بىزگە باش،
ئاسىيادا توسالمايدۇ ھېچكىممۇ بىزنى،
بىز جۇڭگودا يۈرەلمەيمىز ئەركىن، بىمالال.
كىمكى بىزگە قارشى تۇرسا بولىدۇ ۋەيران،
مال ــ مۈلكىدىن جۇدا بولۇپ قالار دەرتلەرگە.
قۇرۇتىمىز بىز ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ــ پۈشتىنى،
ئۇنداق ئوڭاي ئالدانمايمىز يالغان گەپلەرگە.
قارا ئەنە، بەدىنىڭدىن قانلار ئاقىدۇ،
ھېچ شەپقەتسىز ئويۇپ ئالدۇق سىڭا كۆزۈڭنى.
قارشىلىشىپ كۆردۈڭ بىزدىن نىمە ياخشىلىق،
تىپىپ بەرسەڭ خوپ ئەمەسمۇ ماڭا قىزىڭنى!
تەلۋىمنى ئورۇنلىغىن لازىم بولسا جان،
بولساڭ جاھىل، يوق قىلىمەن تامام ئۆزۈڭنى.

بوۋاي:

مەندە بارى پەقەت نەپرەت، قىزىم يوق مىنىڭ،
سەنلەر ئادەم ئەمەس، بەلكى ۋەھشى قاۋانلار،
سەنلەر ھىسسىز، قارا يۈرەك، شەپقەتسىز لازىم،
سەنلەر ئادەم تالايدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار.
ۋەھشىلىگىڭ ئەگدۈرەلمەس بىزنى ھەرگىز باش،
بىز چىدايمىز، كەلگەندىمۇ قانچە زور ئاپەت.
«لۇگوچياۋ» نىڭ توپ ئوقلىرى ئويغاتتى بىزنى،
غەزەپ ئوتى ياندى دىلدا، پۈتتى بۇ تاقەت.
جاللات، مۇشۇ پەيتتە مىنى ئۆلتۈرەلەيسەن،
يېڭەلمەيسەن جۇڭگولۇقنىڭ جاسارىتىنى،
كۆتىرىلگەن تۆمۈر مۇشتلار قايتۇرۇلمايدۇ،
جۇڭگو خەلقى بولدى تاغدەك مەزمۇت ئىتتىپاق،
بۇ زىمىندە ياتقان تاغلار ئاغدۇرۇلمايدۇ.
يوق قىلىشقا مەھكۇملۇقنىڭ ئاسارىتىنى،
ئەرك ئىزلەپ، كەلدى ئۇلار نىيەتكە.
ئازادلىقنىڭ ئۆركەشلىگەن بۇ دولقۇنلىرى
سەن ياۋلارنى كۆمگۈسىدۇر قارا لەھەتكە!

قەھرىمان ئەل قارشىسىدا سەنلەر بىر چاشقان،
دۇنيا بويلاپ ياڭرىماقتا كۈلكە ھەر ياققا.
جاھانگىرلار ۋە فاشىستلار ئۆلۈمگە مەھكۇم،
سەن جاللاتلار ئاللىقاچان پاتتىڭ پاتقاققا.
نىجاتلىق يوق، بۇ پاتقاققا پاتقىنىڭ پاتقان،
ھەممە يەردە ئۆلۈغ يالقۇن، ھەممە كۆرەشتە.
ھەممە يەردە قىزىلماقتا سەنلەر ئۈچۈن گور،
چوقۇم يەكسان بولۇشسەن بۇ زور تەۋرەشتە!

(يىراقتىن ھۇجۇمغائۆتۈش سىگنالى ياڭرايدۇ، «پىدايى قەھرىمانلار مارشى» كۆتىرىلىدۇ، ياپون ئالۋاستىلىرى ئۇغرى كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، قورققىدىن تەرەپ ــ تەرەپكە قاراپ قېچىشىدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ

## ئىككىنچى پەردە

(يىزا، ئۆي، كېچە، يۈلەن رۇشەن يىنىپ تۇرغان چىراق نۇرى ئاستىدا، جوزىنىڭ يىنىدا ئولتۇرىدۇ، ئونىڭ بىر قولى يارىلانغان بولۇپ، كۆكرىگىدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئالدىدا كىتاپ ۋە قەغەزلەر قويۇلغان. يۈلەن ئويلىنىدۇ، يازىدۇ.)

يۈلەن:

ئاياللاردىن پارتىزانلار ئەترىتى قۇردۇق،
ئىنتىزاملىق بىر قوشۇننى چىقتۇق تەربىيلەپ.
ئەمدىكى ئىش بۇ ئەترەتنى قوراللاندۇرۇش،
قانداق قىلساق قوراللارنى تاپىمىز ئىزلەپ؟
بۇ قىيىن ئىش، ئويلا ــ ئويلا قاتتى بۇ بېشىم،
بەكمۇ تىت ــ تىت بولدۇم ئويلاپ تاپالماي ئامال.
چارە قىلغان بولار ئىدى بولسا جاۋمىڭشىڭ،
تېپىپ بەرگەن بولار ئىدى بىزگە ئۇ قورال.

لى يافېن: (كىرىدۇ)

ئايال پارتىزانلار ئېلىپ بارماقتا مەشىق،
ئىنتىزاملىرى ئىنگەللىدى ھەممىسى چاققان.
ھەرىكەتلىرى بولدى پىششىق ۋە ماھىرانە،
قورال بولۇپ قالدى پەقەت بىزنى ساقلاتقان.

يۈلەن:

ئالدىرىما، دوستۇم، چوقۇم تاپىمىز ئامال،
شۇ دەم مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ئاشۇ بىر خىيال.

لى يافېن:

ھىلىراقتا تەكلىپ قىلدىمېنى بىر ئايال،
مېھمان قىلماقچىمۇ ياكى باشقا بىر خىيال؟

يۈلەن:

مەيلى بارغىن، ئەمما يولدا قىلغىن ئېھتىيات،
خائىنلارنىڭ قىلتىقىغا قالما يولۇقۇپ.
يارلاندى قولۇم يولدا، قايتار چېغىمدا
قايسى كۈنى مەن يىغىننى تۈگىتىپ بولۇپ،
كېچە ئىدى ئەتراپ جىمجىت، ھېچ بىر تىۋىش يوق،
تۈيۈقسىزدىن بىرۈ ماڭا قاراپ ئاتتى ئوق.

لى يافېن:

ماقۇل، يولدا بولىمەن ھوشيار.

(لى يافېن چىقىپ كېتىدۇ، يۈلەن يېزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دەم كىتابنى ۋاراقلاپ كۆز تاشلايدۇ. بۇ چاغدا جاۋ مىڭشىڭ پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ كىرىپ، ئاستاغىنا ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ. يۈلەن ئۇنى سەزمەيدۇ، ئۇ كىتابنى يېپىپ، چوڭقۇر ئويغا چۆكىدۇ، مۇزىكا ئاۋازى.)

جاۋمىڭشىڭ:

سېنىڭ نەزەر تاشلىشىڭدا بىر ئۆتكۈرلۈك بار،
چىرايىڭدىن تۇر ياغىدۇ تارام ۋە تارام.
دۈشمەنلەرگە ئېتىلغان ئوق بولدى سۆزلىرىڭ،
قايسى ئىش، قىز، سېنى مۇنچە قىلدى بىئارام؟

يۈلەن:

كۆرۈپ تۇرسام دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇزلۇقىنى،
مېنىڭ قەلبىم قانداق قىلىپ بولالايدۇ جىم؟
مەن سۆيىمەن ئازاد ئەركىن ئۇ كەلگۈسىنى،
ھاياتىمنى ۋەتىنىمگە قىلىمەن تەقدىم!

جاۋمىڭشىڭ:

بارالامسەن فرونتقا سەن مەن بىلەن بىللە،
بولالامسەن ياۋغا قارشى سەپىنىڭ ئالدىدا؟
ھولۇقماستىن ھەم قورقماستىن، باتۇرلۇق بىلەن
قىرالامسەن دۈشمەنلەرنى جەڭ مەيدانىدا؟

يۇلەن:

ئايرىماستىن ئەر ۋە ئايال، ياش ھەم قېرى دەپ،
ئاتلىنىشى لازىم ھەر كىم چېلىش ئورنىغا.
ھايات ــ مامات، ئۆلۈم ــ كۆرۈم دۇچ كەلگەن بۇ پەيت،
ئېتىلىشى لازىم ھەر كىم كۆرەش قوينىغا!

جاۋمىڭشىڭ:

ئوقلار يامغۇر بولۇپ ياغار جەڭ مەيدانىدا،
سىنارەدلەر پارتلايدۇ گۈلدۈرمامدەك.
زەھەرلىك گاز بىللە ئېلىپ يۈرەر ئۆلۈمنى،
سەن ئىلگىرلەپ بارالامسەن بىر بىلەن بىردەك؟

يۇلەن:

زەمبىرەكلەر بولسۇن مەيلى قانچە قۇدرەتلىك،
ئوق يامغۇرى بولسۇن قانچە شىددەتلىك ۋە زىچ.
مەيلى ئوقلار كېلىپ تەگسۇن مېنىڭ كۆكسۈمگە،
پەقەت ئالغا باسمەنكى، چېكىنمەيمەن ھېچ!

جاۋمىڭشىڭ:

يۇلەن:

چېكىنمەيمىز ھەرگىز ئارقىغا،
ئالغا قاراپ ماڭىمىز ھامان.
تەقدىم قىلىپ بار كۈچىمىزنى،
يوق قىلىمىز دۈشمەننى تامام!

جاۋمىڭشىڭ:

خوپ يارايسەن، بولدۇم، سەندىن بەكمۇ خۇشال،
ساڭا ئوخشاش بولسۇن قەتئى مىليۇنلاپ ئايال.
ھەممە كىشى بولسا تۇتاش پولات ئىستىھكام،
غالىبىيەت بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ ھامان.
كېلىپ قالدىڭ بۇ يېزىغا، يۇلەن، سەن قانداق،
ئۆز يۇرتۇڭدىن چىقىپ كەتتىڭ قانداق ئايرىلىپ؟
كەچمىشىڭنى سۆزلەپ بەرگىن ماڭ بىر ــ بىر،
ئەل ــ يۇرتۇڭنىڭ ئەھۋالىنى قالاي مەن بىلىپ.

يۇلەن:

دۈشمەن قەدەم بېسىپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغىمۇ،
بولدى قىرغىن، ئۆلتۈرۈلدى سانسىز قېرىنداش.

قاچقۇن خوشنىمىزنىڭ قىزى لى يافېن بىلەن،
خەتەر ئارا ئېلىپ چىقتۇق يۇرتىمىزدىن باش.
قاتنىششقا بەل باغلىدۇق پارتىزانلارغا،
ياۋغا قارنى مۇقەددەس جەڭ چىلىلدى بىزنى.
بىر ئامىقۇي يىغىن ئاچتۇق تونۇلغۇن كېچە،
تەشۋىق قىلدۇق ئۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسىنى.
يىغىن تۈگەپ ئويناپ چىقتۇق يەنە تىياتىر،
قىزلار ياخشى ئويناپ چىقتى يىغلاپ ۋە كۈلۈپ.
ئويۇنىمىز ئۇ سورۇندا چوڭ رول ئوينىدى،
كۆپلەر تۆكتى كۆز ياشلىرىنى ئويۇننى كۆرۈپ.
تەلەپ قىلدى قاتنىششنى پارتىزانلارغا،
قىز ــ ئايالار تەشكىللىنىپ ئۇيۇشتى دەرھال.
لېكىن، ئۇرۇش قىلىپ بولماس قۇرۇق قول بىلەن،
ياۋنى قانداق يوقىتىمىز بولمىسا قورال؟
جاۋمىڭشىڭ:

باتۇر جەڭچى بولسا قورال بولماي قالمايدۇ،
قورال نۇرغۇن، بۇ قورالنى دۈشمەن ساقلايدۇ.
قوراللانسۇن ئاياللارمۇ، چۈنكى دۈشمەنلەر
ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتمايدۇ.
ھەممە يەردە باسقۇنچىلىق قىلماقتا ئۇلار،
سانسىز ئايال ئەرلىرىدىن قىلىندى جۇدا.
ئائىلىسىز قالدى قانچە ــ قانچە كىشىلەر،
كۆن كۆرمەكتە ئاچارچىلىق ۋە سەرسانلىقتا . . .
ئاياللارمۇ بولسۇن چوقۇم تولۇق سەپەرۋەر،
كۆتەر جەڭدە قۇربانلارنىڭ شانلىق ئىزلىرى.
بار ئۇلاردا ۋەتەن قوغداش مەجبۇرىيىتى،
بىز ھەممىمىز ئەجدادلارنىڭ ئوغۇل ــ قىزلىرى.
جەڭلەر ئارا قەيسەر جەڭچى بولۇپ يېتىلىپ،
ئورۇنلىسۇن ئاياللارمۇ بۇ ۋەزىپىنى.
ماھىرانە مەرگەنلەردىن بولسۇن ئۇلارمۇ،
يانغان دىللار بولسۇن ياۋغا ئۆلۈم يالقۇنى.
يۈلەن:

بېغىشلىدىم ھاياتىمنى ئوتلۇق كۆرەشكە،

مەن خالايمەن كۆرەش ئارا ئۇچماقنى راۋان.
چېكىنمەيمەن، باتۇرانە باسمەن ئالغا،
بەردىم قەسەم تەنتەنىلىك مەن ئاللىقاچان.
كۆڭلۈم مېنىڭ تىنجىمايدۇ قورال بولمىسا،
بۇ ئىش بىلەن بولۇپ قالدى پۈتۈن ئەس ــ يادىم.
سىنىڭ سۆزۈڭ چىراق بولۇپ يورۇتتى دىلنى،
دېمەك، جەڭدىن كېلىدىكەن مېنىڭ قورالىم.

جاۋمىڭشىڭ:

ھەي سەن چېچەن، قەدىرلىك قىز، جەڭگىۋار سەپداش،
سەن، سەن كۆرەش يىللىرىنىڭ ئۈلۈك بۇلبۇلى.
مەن كۆڭلۈمدە ساڭا مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن،
يېقىن ھەمرا قىلسۇن بىزنى بۇ كۆرەش يولى!

يۈلەن:

مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز بىز كۆرەش بىلەن،
بەخت ئۈسۈش ئۈمىدىنى جەڭگە باغلايدۇ.
دۈشمەنلەرنى قىرايلى بىز جەڭ مەيدانىدا،
جەڭ ئوتلىرى بىزنى قەيسەر قىلىپ تاۋلايدۇ.

جاۋمىڭشىڭ:

بىز جەڭلەردە مەزلۇملارغا بولايلى ئۈلگە،
ھەر قاياقتا كۆتىرىلسۇن ئەرك دولقۇنى.
قوغلايلى بىز بۇ زېمىندىن باسقۇنچىلانى،
جاھان بويلاپ قايناق جەڭنىڭ ياڭرىسۇن ئۈنى!

يۈلەن:

قۇرۇپ چىقىش يىپ ــ يېڭى جۇڭگۇ
بىزگە ئورتاق غايە ھەر قاچان.
قىلىمىز ۋەتەننى باي ۋە قۇدرەتلىك،
جەڭلەر ئارا بەرگەندىمۇ جان.

جاۋمىڭشىڭ:

خەير ــ خوش، قەدىرلىك سەبداش!
مەن كېتىمەن جەڭلەر ئارا ياۋنى قوغلاشقا.
كۆپ ئۆتمەستىن قورااللارنى ئېلىپ كېلىمىز،
دۈشمەن مەجبۇر بولار جەڭدە قورال تاشلاشقا.
سەن پارلىغان يورۇق يۇلتۇز جەڭ مەيدانىدا،

بوران ــ چاپقۇن يېڭەلمەيدۇ سەن سىڭلىمىزنى.
باتۇرا باسقىن ئالغا، قەددىڭنى كۆتەر،
ئەڭ ئاخىرقى زور غەلبە كۈتمەكتە بىزنى.
توختىمايمىز غەلبىگە ئېرىشمىگىچە،
يارىلىدۇ غەلبە قىزىل قانلىرىمىزدىن.
قورقۇنچاقلىق ھەم ئاجىزلىق ھالاكەت دېمەك،
ۋەتەن ھايات ئۈمىدىنى كۈتىدۇ بىزدىن.
خەير ــ خوش، قەدىرلىك سەبداش!
تىلەيمەن ئۇتۇق،
بولغىن سەن قۇتلۇق!
(ئىككەيلەن قول بېرىشىپ خوشلىشىدۇ، جاۋمىڭشىڭ چىقىپ كېتىدۇ.)
يۇلەن:
خەير ــ خوش، ئاق يول تىلەيمەن،
ئىشلىرىڭىز بولسۇن ئوڭۇشلۇق!

(يۇلەن دېرىزە ئالدىغا كېلىدۇ، دەم ئۇزۇلۇپ، دەم داۋاملىشىپ ملتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.)
يۇلەن:
قورال بولسا، بولماس ئىدى بىزدە قىلچە غەم،
ۋەتەن ئۈچۈن قىزىتاتتۇق جەڭلەرنى راسا.
قانچە ھوزۇر، بەختلىك ئىش ياۋنى نەيزىلەش،
باتۇر جەڭچى دۈشمەنلەرنى قورقىتار تازا.
قول قوشتۇرۇپ ئۆلسە دەيدۇ دۈشمەنلەر بىزنى،
ئەمما ياۋنى يوق قىلمىز بىزمۇ بىر ــ بىرلەپ.
ئۇخلاي ئەمدى، بەرمەي قولدىن ئارام پەيتىنى،
قايناق كۆرەش كۈتەر مىنى يەنە ئەرتىلەپ.
(يۇلەن كارۋاتقا چىقىپ ياتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆيگە ئوغرىلىقچە خائىن كىرىپ كېلىدۇ.)
خائىن (ئۇنلۇك چاقىدۇ):
ياخشى قىز! ياخشى قىز!
يۇلەن (چۆچۈپ ئويغىنىدۇ):
سەن كىم؟ جاۋاب بەرگىن تېز!
خائىن:
سالام ساڭا، ئەي ياخشى قىزچاق،

ئەھۋالىڭ قانداق؟

يۇلەن:

سەن كىم؟ سېنى تونۇيالمىدىم،

ھېچ يەردە ھەم كۆرمىگەن ئىدىم . . .

خائىن:

شۇنداق!

تونۇشمايمىز، بەلكى سەن بىلەن،

كارۋاتتىن چۈش، ماڭغىن مەن بىلەن!

يۇلەن:

ھە، نېمىشقا، نېمە ئىش بىلەن؟

مېنى نەگە دەۋەت قىلىسەن؟!

(يۇلەن ھولۇقۇپ كەينىگە داجىيدۇ)

خائىن:

بىر يېزىلىق بولمەن ئەسلى سەن بىلەن،

پارتىزانلار بىلەن بىللە كەلدىم بۇ يەرگە.

خارابىلىق بولدى ئۆندا ئۆي، باغۇ ـ ۋاران،

يۇرتىمىزغا بولۇۋالدى دەشمەنلەر ئىگە.

تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ھەممە يۇرتداشلار،

ئالۋاستىلارغا قارشى كۆتەردى قورال.

بۇ يېزىغا كېلىپ قالدۇق دۈشمەننى قوغلاپ،

مەن ئارىلاپ يۇرتداشلاردىن سورىدىم ئەھۋال.

ئاتا ـ ئاناڭمۇ بىز بىلەن بىللە كېلىشتى،

ئېيتقان ئىدى ماڭا سېنى تېپىپ بېرىشنى.

يۇلەن: (ئويلىنىپ، كۆزلىرىنى مىدىرلىتىدۇ)

ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس،

ئۆلارنىڭ بۇ يىراق يەرگە كېلەلىشى تەس!

(يۇلەن ئاستا كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرىدۇ. خائىن دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ كۆز ئىشارىسى قىلىدۇ، ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى كىرىپ كېلىدۇ.)

خائىن: (خىرىلداپ كۈلۈپ)

ئاخىر ئىزلەپ تاپتۇق ـ تە سېنى!

ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى:

ھە، يارايدۇ، خوپ ئوڭۇشلۇق پۈتتۈردۈق ئىشنى،

بۈگۈن كېچە مۇشۇ ئۆيدە قويۇڭلار مېنى.

تەقدىم قىلاي چوڭ باشلىققا مەن ئەتە ئۇنى،
باشلىقمۇ كۆرۈپ باقسۇن ئۇنىڭ بەھرىنى.
(ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى يۇلەنگە قارايدۇ)
كەچلىك تاماق ھازىرلىغىن سەن بىزگە پاتراق
ھەم تاپقىن ھاراق!

يۇلەن:

ماقۇل، مەن باراي!
(يۇلەن چاپىنىنى كىيىپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭماقچى بولىدۇ)

ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى:

ياق، سەن توختا، ئۇ بېرىپ كەلسۇن!
ئىككىمىزگە خالى قالسۇن بىردەم بۇ ساراي.
(خائىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ، ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى يۇلەنگە سۈركىلىپ كېلىدۇ):

سەن بۇ ياققا كەلدىڭ نىمىشقا؟
بىزگە قارشى تۇرۇپ يۇرتنى تاشلاش كېرەكمۇ!
كەلگىن بېرى، يەتكۈزمەيمىز ساڭا ھېچ زەخمەت،
بىز ياپۇنلار ياقتۇرمىز قىزلارنى بەكمۇ؟
(خائىن تاشقىرىدىن تاماق ۋە سەي ئېلىپ كىرىدۇ، بىر ئالۋاستىلار ئەسكىرى پاتېفۇن ئېلىپ كىرىدۇ، «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار . . .» دېگەن ناخشا كۆتىرىلىدۇ. ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى ئۇنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن كەينىگە داجىپ كېتىدۇ، ئۇ پاتېفۇندىن پىلاستىنكىنى ئېلىپ، يەرگە ئۇرۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ. يۇلەن يېنىدىن زەھەرلىك دورا ئېلىپ رومكىدىكى ھاراققا سالىدۇ. ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى ھاراقنى ئىچىپ يىقىلغاندىن كېيىن، يۇلەن ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىۋېلىپ، ئالۋاستى ئەسكەرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، خائىن ئۇق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭلا قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ، يۇلەن چاچلىرىنى تۈگۈپ، ئالۋاستىلار لىيەنجاڭىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالىدۇ. سۈبھى ۋاقتى بولۇپ، تاڭ نۇرى يامرايدۇ.)

يۇلەن:

ئەمدى مانا ئېگە بولدۇم قورالغا،
كېچىكمەستىن ئاتلىنىمەن ئالدىنقى سەپكە.
ياپۇنلارنى ئېلىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ،
ئېرىشىمىز غەلىبىگە، ئۆچمەس شەرەپكە!
(ئۇ دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ دەرھال مۆكۈنىدۇ.)
ياخشى بولدى! كەلدى لى يافېن!

مېنى كۆرسە قانداقسىگە ئالار ئىكەن تىن؟
(لى يافىن يۇلەننىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن كەينىگە داجىيدۇ، يۇلەن قاھ ـ قاھلاپ كۈلىدۇ.)
يۇلەن:

قورقماس يۈرەك بولۇپ گاڭدەك تاۋلىنايلى بىز،
تاڭلار بويلاپ باتۇرانە ئىلگىرلەيلى بىز.
مەملىكەتتە ئۆركەشلىسۇن ئەرك دولقۇنى،
كۆرەش كۈچى بىلەن تولسۇن پۈتۈن جىسمىمىز!
باسايلى ئالغا،
يانماي ئارقىغا!
دۈشمەنلەرگە بېرەيلى بىز قاخشاتقۇچ زەربە،
ئىشقا ئاشار بىزنىڭ شانلىق غايىمىز شەكسىز .
چوقۇم قوزۇپ چىقالايمىز يىپ ـ يېڭى جۇڭگۇ،
ھايات بەخت ھەم شادلىققا چۆمۈلەر چەكسىز!

پەردە چۈشىدۇ.

## ئۈچىنچى پەردە

ئۇرۇش مەيدانى، سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئاكوپ، تۈن، ئاي غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، يىراقتىن دەم داۋاملىشىپ، دەم ئۈزۈلۈپ ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر ملتىقلىرىنى بېشىغا قويۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چېچىلىپ يېتىشىدۇ.
ياپۇن ئەسكىرى ـ A:

بۇرادەرلەر، قاراڭلار، چىقتى تولۇن ئاي،
ئاي شولىسى سالقىن تۈندە ئۈزەر مۇلايىم.
تۈننىڭ سىرلىق جىمجىتلىقى قىلدى دىلنى مەس،
ئۆيدە قالغان يېقىنلارغا كەتتى خىيالىم.
ئۇقالمىدىم كۈنى قانداق ئىكىن ئۇلارنىڭ؟
خىيال قىينار مېنى، كۆڭلۈم ئەنسىز شۇ تاپتا.
يۈرىگىمنى تاتىلايدۇ يۇرت سېغىنىشى،
تۇققانلىرىم ئۆرتەنمەكتە ئۇندا ئازابتا.
(ئۇ ئۆيغا چۆكىدۇ، تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، يېنىدىكى ھەمراسىغا قارايدۇ):
ئۇخلىدىڭمۇ يەنە ئۆيغاقمۇسەن؟

ياتتىڭ نېمە خىياللار بىلەن؟

ياپۇن ئەسكىرى ـ B:

مەنمۇ ئەسلەپ قالدىم سەندەك ئۆسكەن يۇرتۇمنى،
قايغۇ ــ ھەسرەت يۈرىگىمنى تاشلىدى ئېزىپ.
ئاتا ــ ئانام قېرى ئىدى كۆنى قانداقكىن؟
بولۇپ قالدى چوقۇم ئۇلار نامرات ۋە غېرىب.

ياپۇن ئەسكىرى ـ A:

ماڭا ئېنىق بولۇپ قالدى ئەمدى ھەممە ئىش،
مەن بىلمەيمەن سېنىڭ ئويۇڭ شۇنداقمۇ، ئەمەس.
بارغانسېرى زالىملاشتى ھۆكۈمىتىمىز،
تۇرمۇشىمىز ئوقۇبەتلىك، بولدى بەكمۇ تەس!
ئون ئالتىگە كىرمەي تۇرۇپ كۆتەردىم مىلتىق،
مەجبۇرلاشتى ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مېنى.
ئاتا ــ ئانام يۇرتىمىزدا قالدى پاناھسىز،
كۈندى ــ كۈنگە ئۇساللاشتى ئەھۋالى ــ كۈنى.
ئىشلىمەكتە زاۋۇتلاردا ئۇلار ئاچ قورساق،
ئېغىر كۈنلەر قېرتماقتا يەنە ئۇلارنى،
خەلقىمىزدە ئايلانماقتا ھەسرەت نەپرەتكە،
ئىشچى خەلق كۆتەرمەكتە كۆرەش بورانى.
دىر تىترىشىپ ۋەھىمىلىك باقتى زالىملار
ئېلىمىزنىڭ ئىش تاشلىغان ئوغۇل ــ قىزىغا.
قورال كۈچى بىلەن باستى ئىش تاشلاشلارنى،
ئىشچىلارنى غەرق قىلدى قان دېڭىزىغا.
ئاھ، بۇرادەر، ئۇلار بىلەن بىر بولالمىدىم،
بېرەلمىدىم يېقىنلارغا ھېچقانداق ياردەم.
ئاتا ــ ئانام قىيىن چاغدا ئوقۇتۇپ مېنى،
قىلغان ئىدى مۇشكۇل ھايات يولىدا ئادەم.
مۇستەملىكە ئۇرۇشىنى قىلدۇق نېمىشقا؟
نېمە ئۈچۈن بۇ جۇڭگونى قىلىمىز بوزەك؟
بۇ يول بىلەن كېتىۋەرسەك بولمايدۇ ئەمدى،
جىنايەتلىك بۇ يوللارغا قويايلى بىز چەك!
چۈشەندىگمۇ بۇ سۆزۈمنى، ئەزىز بۇرادەر،
بولماس ئەمدى يەنە شۇنداق گاڭگىراپ يۈرسەك.

ياپون ئەسكىرى ـ B:

بۇرادىرىم بەكمۇ توغرا سۆزلىرىڭ سىنىڭ!
مەن پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن قاراشلىرىڭغا.
ئامال تېپىپ قۇتۇلايلى بويۇنتۇرۇقتىن،
زالىملارنى بەربات قىلىپ باسايلى ئالغا!

ياپون ئەسكىرى ـ A:

ئېرىشىمىز بىزمۇ چوقۇم يورۇق ئىقبالغا!

(ياپون ئەسكەرلىرى ئۈيقۇغا چۆكىدۇ، سەھنىنى جىمجىتلىق قاپلايدۇ، ياپون دۆيجاڭى كىرىپ كېلىدۇ.)

ياپون دۆيجاڭى:

ئەسكەرلىرىم غەرق بولۇپتۇ ئۈيقۇ قوينىغا،
بۇلار سوغۇق ئاكوپلاردا چەكمەكتە زەخمەت.
خىزمىتىمگە پايدىلىقتۇر ئۇلارنىڭ ھال،
بۇ مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ياخشى پۇرسەت.
ئېيتىپ كەلسەك، بىز جۇڭگوغا قىلدۇق تاجاۋۇز
بۇ مىللىتارىزىمغا مەنسۇپ بولغان رەزىللىك.
ئادالەتسىز قىلمىش چوقۇم بولىدۇ مەغلۇپ،
تاجاۋۇزچى جىنايەتكار قالمايدۇ تىرىك.
جۇڭگولۇقنىڭ پاك پەرزەنتى باتۇر جاۋمىڭشىڭ،
كۆرەشلەردە ۋەتىنىگە ياراتماقتا تاڭ.
بىر ھەققەت سۆزنى ماڭا دېگەن ئىدى ئۇ:
ئەسكەرلەرنى قوزغاپ دەرھال قىلغىن قوزغىلاڭ.
قورقۇنچۇم يوق، خەۋپ ــ خەتەرلىك بولسىمۇ بۇ ئىش،
ئۆلۈم شەرەپ، ھاقارەتلىك ياشاشتۇر يامان!
يەر يۈزىدە مەدھىيلەيدۇ مېنى كىشىلەر،
مەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ياشايمەن ھامان،
مەن بولىمەن بۇ كۆرەشتە قەيسەر، سەۋرچان،
لازىم مېنىڭ سىر ساقلىشىم، ھودۇقماسلىقىم.
تارقىتاي مەن بۇ پۇرسەتتە ۋەرەقىلەرنى،
بۇ فاشىستلار قىلمىشىنى پاش قىلار چېغىم . . .

(ياپون دۆيجاڭى قويىنىدىن بىر باغلام تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى ئاكوپ بويلاپ چېچىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەترابىنى بىر قۇر كۆزىتىپ كۆرۈپ، چىقىپ كېتىدۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى ھودۇققان ھالدا

كىرىپ كېلىدۇ، ھۇشتەك چېلىپ، ئالۋاستى ئەسكەرلەرنى ئويغىتىدۇ. ئۇ، ئەسكەرلەرگە قاراپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋاقىرايدۇ: «ئوت ئاچ!» ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا پەرۋاسىز قىلماي، ۋەرەقىلەرنى ئوقۇپ، ھورۇنلۇق بىلەن يېتىشىۋېرىدۇ. ئالۋاستىلار لىيەنجاڭنىڭ ئەرۋايى ئۇچىدۇ، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن ۋەرەقىلەرنى تارتىۋېلىپ يىرتىپ تاشلايدۇ.)

ياپون ئەسكىرى ـ A:

بەكمۇ توغرا ۋەرەقىدە ئېيتىلغان گەپلەر،
بىر ــ بىرىنى قىرىشمىسۇن ئىزىلگۈچىلەر.
ھەق ــ ناھەقنى، ھەققەتنى يېتەيلى تونۇپ،
بىزلەر ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشتىن نىمە نەپ كېلەر؟
جىنايەتلىك ئىتلارغا قارشى تۇرايلى.
كېرەك بىزگە ئەركىنلىك ۋە بەختلىك تۇرمۇش،
قارىتايلى مىلتىقلارنى دۈشمىنىمىزگە،
يوق قىلايلى ياۋۇزلارنى، پۈتسۇن بۇ ئۇرۇش!

(ئالۋاستىلار لىيەنجاڭى ياپون ئەسكىرى ـ A غا قارىتىپ ئوق چىقارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۆزى باشقا بىر ياپون ئەسكىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ئالۋاستى ئەسكەرلەر ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ كۆتىرىپ، ئاكوپتىن بۆسۈپ چىقىدۇ، ئالۋاستىلار لىيەنجاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ياپون ئەسكىرى ئۈنلۈك تولايدۇ):

زەربىمىزنى تىتىپ كۆردى بۇ ئەزگۈچىلەر،
ھەققانىي ئوق تېشىپ ئۆتتى رەزىل كۆكرەكنى.
بۇ كۆرەشكە ھەممەيلەننى قاتناشتۇرايلى،
ئورۇنلايلى ۋەرەقىدە يېزىلغان گەپنى!
باتۇر جۇڭگو قوشۇنىغا بولايلى تەسلىم،
زالىملارنى يوقىتايلى، بىرەيلى سوققا.
مەزلۇم خەلق ئۈيۈشايلى بولۇپ ئىتتىپاق،
كۆرەش بىلەن ئېرىشەيلى ئادىل ھوقوققا!

ياپون ئەسكىرى ـ A:

يۇرۇگلار، بۇرادەرلەر،
جىسمىمىزدىن يوقالسۇن بۇ نەپرەتلىك بەلگە!

(شەپكىسىدىن كۈن ئۇ بەلگىلىك كاكارىنى يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە تاشلايدۇ.)

ياپون ئەسكىرى ـ B:

بۇرادەرلەر، مىلتىقلارنى ئېسىگلار تەتۈر،
كۆتەر بىزنى باتۇر جۇڭگو پارتىزانلىرى،

قاتنىشايلى بىز ئۇلارنىڭ ئەترەتلىرىگە!

(ئۇلۇغ تەرەپتىن «تۇغرا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.ياپۇن دۆيجاڭى ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ، تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ، ئەسكەرلەر كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. ئۇ، يەردە ياتقان ئالۋاستىلار لىيەنجاڭىنى كۆرىدۇ، يېنىدىن تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ئالۋاستىلار لىيەنجاڭىنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر بىلەن سانجىپ قويىدۇ.)

ياپۇن دۆيجاڭى:

مانا شۇنداق خەنجەر لازىم رەزىل كۆكرەككە،
نۇمۇسسىز ياۋ ھەق جازادىن قاچالماس ھامان.
قۇرۇتماقچى بولۇشتۇڭ سەن ئىنسان نەسلىنى،
مەزلۇملارنى قىرغىن قىلدىڭ، ئىچتىڭ قىزىل قان.
پرولتارغا مەنسۇپ ئۆزۈم، مىللىتىم ياپۇن،
مەن ئىنسانى ھوقۇقۇمدىن قىلىنغان مەھرۇم.
ھاقارەتتە كۈن ئۆتكۈزدۈم ئىتتىنمۇ بەتتەر،
دىلىم چەكسىز يارا بولدى، كۆردۈم كۆپ زۇلۇم.
تىرىكتاپلار ياشاپ ئۆتتى ھەشەمەتلىك باي،
مېنىڭ قەلبىم پارە بولدى ئېغىر مېھنەتتە.
مەن مەكتەپتە ئوقالمىدىم بولسىمۇ مەكتەپ،
بۇلۇڭ _ پۇشقاقلار ئىچىدە قالدىم كۈلپەتتە.
ئەركىن ھايات پۇرسەتلىرى يېقىنلاشماقتا،
كۆرەش بىرگە بىرەر ئەرك ۋا شاتلىق يەنە.
بىز جاللاتلار قەبرىسىنى كولاۋاتىمىز،
ۋاقتى كەلدى، بىز ئۇلارنى قىلىمىز دەپنە!

(ئۇلار پەس ئاۋاز بىلەن جاۋمىڭشىنى چاقىرىدۇ، ياپۇن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيگەن جاۋمىڭشىڭ كىرىپ كېلىدۇ.)

ياپۇن دۆيجاڭى:

ئەي، مېنىڭ دوستۇم،
قاراپ باققىن، نېمە بوپتۇ مۇنۇ پىلانىم،
كۆكرىگىدە تۇرغان خەنجەر مېنىڭ «ئىنئانىم».

جاۋمىڭشىڭ:

دوستۇم، ساڭا چوڭشىنشىلىك، ساڭا مەلۇملۇق،
مەڭگۈ نۇرلار چاچار جاھان بويلاپ ھەققەت.
رەزىل دۈشمەن ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ،

ئۇلار ئۈچۈن لايىق نەرسە خەنجەردۇر پەقەت.
قاتىللىقنىڭ ئۆمرى ئەمدى بارماس ئۇزاققا،
ھۆكۈمرانلىق چاكىجىياڭ ئەمەس مەڭگۈ ئاققىلى.
شىددەتلىك ئوت ھاسىل قىلدى چوڭ مۇھاسىرە،
ياۋۇزلارنى جەڭ ئوتىدا ئۆرتەپ ياققىلى.
مەزلۇم خەلق بولۇپ قەتئىي بىزنى ياقىلىدى،
پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە كۆرسەتتى مەدەت.
ئەمگەكچىلەر كۈچ ــ قۇدرىتى ياسىدى ئۆركەش،
تەڭ كېلەلمەس ئەمدى ئاڭا ھېچقانداق قۇدرەت.
قارا دوستۇم، ياۋغا قارشى چىقتى مەزلۇملار،
قەھر ــ غەزەپ دولقۇنلىدى بولۇپ زىيادە.
مىليۇن خەلق تۆگدى مەھكەم مۇشتۇملىرىنى،
كۆرەشلەردە يېتىشتۈردى گاڭدەك ئىرادە.
جەڭ قىزىغان مەيدانلارغا ئوقتەك ئېتىلدى،
جەڭلەر ئارا دۈشمەنلەرنىڭ باغرىنى تىلدى.
جۇڭگو خەلقى ئەرك ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلەر،
پۈتۈن دۇنيا خەلقىگىمۇ بولدى چاقىرىق.
ئىنسانىيەت ئىقبالىنى يورۇتتى ئۇلار،
ئازاد تۇرمۇش يارىتقۇچى كۆرەش ئارقىلىق.
ھەقىقەتنى چۈشىنىپتۇ بۇ قېرىنداشلار،
ئىشىنىپتۇ جۇڭگولۇقنىڭ ھەق ئاۋازىغا.
توسقۇنلارنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇلار يولىدىن،
دادىل قەدەم ئالدى ئەنە بىزنىڭ بازىغا.
(جاۋمىڭشىڭ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىنى جىمجىتلىق قاپلايدۇ، چىراق نۇرى غۇۋالىشىدۇ، بوۋاي كىرىپ كېلىدۇ.)

بوۋاي:

ئارزۇلىرىم ئۆلمەس مېنىڭ كۆمسەڭمۇ يەرگە،
ئازادلىققا بولغان ئىستەك يايار كەڭ قانات.
تۇرساممۇ مەن گور لېۋىدە، نادامىتىم يوق،
غەلىبىگە بولغان ئىشەنچ قىلار مېنى شاد.
مەن ئۆلسەممۇ ۋاز كەچمەيمەن ئىستەكلىرىمدىن،
ئاشۇرىدۇ ئۆچمەنلىكنى تۆكۈلگەن قېنىم.
كۆز يېشىنى تۆككۈچىلەر بىز ئەمەس ھەرگىز،

قارا، سېنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بولماقتا تەسلىم!
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:
كۆرمىدىڭمۇ بۇ قەبرىنى ئەي قېرى جادۇ
هازىر سېنى بۇ قەبرىگە تىرىك كۆممىز.
ئاقىۋەتىڭ مۇشۇ بولدى قىلىپ ساختىلىق،
كىمكى قارشى تۇرسا شۇنداق تەدبىر كۆرىمىز!
ئۇقۇپ قالگى ئۆلۈمىڭمۇ ئەمەس كۆپ يىراق،
ئاخىرقى دەم ئويلاپ باققىن يەنە ياخشىراق.
بوۋاي:
هېچقانداق گەپ ئاڭلىمايسەن سەنمۇ ھەم بىراق!

(بوۋاي ئورەككە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈلىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر ئورەككە توپا تاشلايدۇ، خائىن ئۆلارنىڭ قولىدىن گۈرجەكنى تالىشىپ ئېلىپ توپا كولايدۇ. يىراقتىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.)
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:
نېمە ئەھۋال؟ قولاق سال، تىڭشا!
(خائىن ئوك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئۆلۈپ ياتقان ئالۋاستىلار لىيەنجاڭىنى كۆرىدۇ، ئۇ تەمتىرەپ كېتىدۇ ۋە يۈگۈرگەن پېتى ئالۋاستىلار ئوفتسېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ دوكلات قىلىدۇ.)
خائىن:
جاناپلىرى، لىيەنجاڭىمىز ياتىدۇ ئۆلۈك،
كۆكرىگىدە خەنجەر، مۇزدەك قېتىپتۇ ئۆزى.
كىملەر ئىكەن؟ ئۆلتۈرۈپتۇ ئۇنى پاجىئەلىك،
شەرق ياققا يۈزلىنىپتۇ قاتىلىنىڭ ئىزى.
ئالۋاستىلار ئوفتسېرى:
_ ھە! ھە!
(ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ھودۇققىنىچە جەسەت تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ، دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ ئوك تەرەپنى كۆزىتىدۇ ۋە ۋاقىراپ كېتىدۇ.)
چاپسان، چاپسان، چېلىڭلار سىگنال،
ئەسكەرلىرىم يىغىلسۇن دەرھال!
(كاناي چېلىنىدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلىرى ئاكوپتىن سەكرەپ چىقىپ، سەھنىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. جەڭ شىددەتلىك تۈس ئالىدۇ. ئايروپىلانلار بومبا تاشلايدۇ. ئالۋاستىلار ئوفتسېرى ۋارقىراپ _ جاقىراشقا باشلايدۇ، ئالۋاستى ئەسكەرلەر تەرەپ _ تەرەپكە قاراپ

قاچىدۇ. ئورەكنىڭ يېنىغا بىر دانە تاپانچا چۈشۈپ قالىدۇ. بوۋاي ئورەكتىن كۈچ بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە ئۆمىلەپ چىقىپ، سوزۇلۇپ بارغىنىچە تاپانچىنى قولىغا ئالىدۇ. ئۇنى خائىن كۆرۈپ قالىدۇ. خائىن بوۋايغا قاراپ ئوق چىقىرىدۇ، بوۋاي خائىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزىمۇ ھالسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. بىر ئالۋاستىلار پىلمۇتچىكى پىلموتىدىن توختىماي ئوق ئۈزۈۋاتقاندا، يۇلەن ئارقا تەرەپتىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پىلمىتنى ياپۇن ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلايدۇ. يۇلەنگە ئوق تېگىدۇ. ئۇ، ئۆز يارىسىنى ئۆزى تېڭىپ، يەنە داۋاملىق ئوت ئاچىدۇ. ياپۇن ئەسكەرلىرى پىتراپ كېتىدۇ، قەھرىمان جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ئەر ـ ئايال جەڭچىلىرى ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. ياپۇن ئوفىتسىرى بىلەن ئالۋاستى ئەسكەر ئورەككە كىرىۋالىدۇ، ئۇلارنى جاۋمىڭشىڭ بىلەن يۇلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئالۋاستى ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي تەسلىم بولىدۇ. يۇلەن دادىسىنى كۆرۈپ قالىدۇ.)

يۇلەن:

ئاھ، قەدىردان دادام! سىز . . . . . .

(يۇلەن بوۋاينىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، يىغلايدۇ.)

جاۋمىڭشىڭ:

ئەي خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى، يىرتقۇچ جاللاتلار،
ئادەمخورلار،دۇنيادىكى ياۋۇز ھايۋانلار.
كەڭ خەلقنىڭ ئالقىنىدا سەنلەرنىڭ جېنىڭ،
چۈشەنمىدىڭ سەن ۋەھشىلەر، بۇ قايسى چاغلار!
تايىنىشتىڭ بومبىلارغا، مىلتىققا، گازغا،
تېنچ خەلقنى ئۆلتۈرۈشتۈڭ بولمىدى ئاياش.
بىلىپ قويۇش، جۇڭگو شۇنداق ئۇلۇغ بىر گىگانىت،
جاھانگىلار كەلگەن ئىدى ئەگدۈرەلمەي باش.
بىخوت قىلماق بولدى ئەپيۇن، زەھەرلەر بىلەن،
دۇنيادىكى قان شورىغۇچى قۇرۇتلار ئۇنى.
«لۇگوچياۋ» دا ئېتىلغان توپ بولدى چوۋ سىگنال،
ئۇلۇغ گىگانىت تىكلىدى قەد، تاشلاپ ئۇيقۇنى.
مىلتىق ـ نەيزە ئالدى قولغا ئويغانغان خەلق،
ۋەتەن قوغداش كۆرىشىگە ئاتلاندى ئۇلار.
تۇترۇق بولدى زالىملارنىڭ زوراۋانلىقى،
ئەل قەلبىدە لاۋۇلدىدى ئۇلۇغ يالقۇنلار.
ئەي جاللاتلار، يېقىنلاشتى ساڭا ھالاكەت،
ئۆزى چۈشەر كىمكى قازغان بولسا ئورنى،

ئازادلىق ھەم ئەركىنلىكنىڭ كۆرەشلىرىدە،
ئۇلۇغ گىگانت كۆتەردى تىل غەلبە تۇغىنى.
(ئاسماننى قىزىل نۇر قاپلايدۇ، قىزىل بايراقلار شامالدا يەلپۈنىدۇ، قەھرىمان جۇڭگو خەلقى مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ چاغدا، «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار . . . » دېگەن سەلتەنەتلىك ناخشا ساداسى كۆتىرىلىدۇ.)
پەردە چۈشىدۇ

1941 ــ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

ئىزاھات:

① ئوپېرانىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە تېكىستى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى. ــ تەھرىردىن.

② بۇ پەردە شىڭ شىسەي قوزغىغان «12 ــ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي ئىلغارلىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى . . . » قاتارلىق ئالتە چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

# چىن مودەن

(بەش پەردە، ئالتە كۆرۈنۈشلۈك دراما)

ئاساسىي روللاردا:

چىن مودەن ــ كەمبەغەل دېھقان قىزى.
بارات ئاكا ــ چىن مودەننىڭ ئاتىسى.
جالام ــ دېھقان يىگىت، چىن مودەننىڭ سۆيگىنى.
تۇرسۇن ــ جالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى.
گۈلسۇم ــ چىن مودەننىڭ ئەڭ يېقىن دوستى.
سۇلتان بەگ ــ يۇرت زومىگەرىنىڭ ئوغلى.
سادىق ــ سۇلتان بەگنىڭ يالاقچىسى.
جاڭ دارىن ــ ئەڭ چوڭ ئەمەلدار.
يۈز بېشى ــ سۇلتان بەگنىڭ يالاقچىسى.
جالامنىڭ دوستلىرى، مودەننىڭ دوستلىرى، چېرىكلەر، سۇلتان بەگنىڭ يالاقچىلىرى . . .

بىرىنچى پەردە

ئېتىز كۆرۈنۈشى، يىراقتىن يېزا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە كەپە، كەپە ئارقىسىدا باغ، بۇغداي دۆۋىلىرى، يىراقتىن ئوما ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ:

ئومىگىرنى ئوردۇم مەن،
سادىر سوققان ئوغاقتا.
يارىم چوڭ بولۇپ قاپتۇ،
ئالدى چېچى بەلۋاقتا.

ئومنى ئورغان بىلەن
بار ئىكەن بىلەك تالماق.
ئوغدىن قىممەت چۈشتى
يارنىڭ كۆڭلىنى ئالماق.

ئومىنى تولا ئورۇپ،
قولۇم بولدى سەينىگە.
بىر بەلگە قىلىپ قويۇڭ
ئۆيىڭىزنىڭ كەينىگە.

(ئېتەكلىرى تۇرۇلگەن ھالدا چىن مودەن كەپە ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ناخشا ئاڭلايدۇ.)

مودەن: (ھاياجان بىلەن) ۋاھ، نېمە دېگەن مۇڭلۇق ناخشا _ ھە! كەچكىچە ئاڭلىسىمۇ تويمايدۇ كىشى (كۈلۈمسىرەپ)، ئاردا جالام بار ئۈچۈن بۇ ناخشا يۈرەك باغرىمنى باشقىچىلا تىترەتتى، ئومچىلاردىن ئايرىلىپ كەلسە ئىدى، تويغىچە مۇڭدىشىۋالسام، ئارقىسىدىن باغ ئارىلاپ زادىلا يېتەلمىدىم. يېنىغا باراي دېسەم (ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ) كىشلەردىن تەپتارتىم، ئۇھ . . .

(مودەن ناخشا ئېيتىدۇ)
ئومىنى تولا ئورۇپ،
بىلەگىڭ تالدىمۇ يارىم؟
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەگىڭ قاندىمۇ يارىم.

ئايدىڭدا ئورغان ئومە،
ئۈنچە بىلەن باغ قالدى.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
يۈرەگىدە داغ قالدى . . .
(تۆۋەندىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، مودەن چۆچۈپ ناخشىسىنى توختىتىدۇ.)

مودەن: كىم ئۇ؟ (ئۆز ـ ئۆزىگە) توختا، كەپىگە كىرىۋالايچۇ (كىرىدۇ يەرگە باققان ھالدا جالام كىرىپ كېلىدۇ.)

جالام: ياﺋاللا، مىلك مۇشەققەتتە سولىنىڭ بېشىغا ئارام چىقتىم! (كەپە يېنىدىكى چىلەكتىكى سۇنى كۆرىدۇ) ۋاھ، بۇ يەردە سۇ بار ئىكەنغۇ (سۇدىن ئېلىپ ئىچىدۇ.) مودەنگۈل نەگە كەتتىكىنە، ھىلىلا ئارقامدا باغ باغلاۋاتاتتى، ھەي . . . بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغىنىنى، خالىراق يەردە مۇڭدىشىۋالساق ئىدى . . . ئۇھ . . . (ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ) ئۇسسۇلۇق

قاندى. بىراق، نېمىگىدۇر يۈرەك قانمايۋاتىدۇ. توختا، كەپىگە كىرىپ باقايچۇ، كىم باركىن، تايىنلىق ھېچكىم يوقتۇ.

(كەپىگە كىرىشكە، مۆكۈپ تۇرغان مودەن نوگاي بىلەن جالامنىڭ يۈزىگە سۇ چاچىدۇ ــ دە، قاقاقلاپ كۈلىدۇ. جالام ئەندىكىپ ئارقىغا چېكىنىدۇ.)

جالام: كىم بۇ؟

مودەن: مەن! (مودەن كۈلگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىدۇ) قانداق، قاندىمۇ؟

جالام: سىزمۇ، مودەنگۈل؟

مودەن: كىم دەپ ئويلىغانتىڭىز؟

جالام: سۇ چاچقان سىز بولغاندىكىن، يۈزۈمگە چاچقىچە يۈرىكىمگە چاچسىڭىز بولماسمىدى؟

مودەن: (كۈلۈپ تۇرۇپ، سىناق نەزىرى بىلەن) جالام، يوچۇنلا پاراڭ قىلدىڭىزغۇ؟

جالام: سىزگە يوچۇن ئاڭلاندىمۇ، مودەن، مېنىڭچە، بۇ پاراڭنىڭ ھېچبىر يوچۇن يېرى يوق. سۇغاق سۇ يۈرىكىمگە داۋا بولغىنى ئۈچۈن دەۋاتىمەن. (مودەن يەرگە قارايدۇ) مېنىڭچە، سىزنىڭ يەرگە قارىشىڭىزمۇ يوچۇن.

مودەن: (ئەكىلەش ئاھاڭىدا) قويۇڭا يوق پاراڭنى، راست ئېيتىڭا، نېمىشقا مۇنچىۋالا ئۇسساپ كەتتىڭىز؟

جالام: راستىنى ئېيتسام، دادىڭىز بىلەن بەسلەشتىم. (كۈلىدۇ)

مودەن: بەسلەشتىم! نېمىشقا بەسلەشتىڭىز؟

جالام: (مودەنگە تىكىلىپ، دۇدۇقلاپ) سۆيۈنچە، ئېسىل سۆيۈنچە، ھە . . . مۇشۇ . . . ئاشۇ . . . بالام، دەيتتى دادىڭىز، شۇنداق دېسە، ئۆزەمنى بىلمەيلا ئورۇدۇم، بەيگىدىن كەلگەن ئاتتەك قارا تەرگە پاتتىم، قارىسام، سولىنىڭ بېشىغا چىقىپ قاپتىمەن، ئومچىلار، ۋاي بارات ئاكا، ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ . . . دېيىشىپ، دادىڭىز بىلەن ۋاقىرىشىپلا قالدى. مەن چاڭقاپ كېتىپ، چاپقان پېتى كەپىگە كەلدىم.

مودەن: دادامنىڭ شۇنچىلىك ئېسىل سۆيۈنچىسى بارمىكەن؟

جالام: بار، ئۇ ئېسىل سۆيۈنچە، دۇنيادا پەقەت بارات ئاكامدىلا بار . . . ئۇ بارات ئاكامنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالدىكىن تاڭ، ھەيرانمەن.

مودەن: ھېچ بىلمىدىم، دادامنىڭ شۇنچىلىك ئېسىل سۆيۈنچىسى بولغان بولسا، بىز مۇنداق بولماس ئىدۇق.

جالام: ئۇ سۆيۈنچە قولۇمغا چۈشۈپ قالسىلا، مەن ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق بىر بېيىت ئېيتاتتىم ــ دە!

مودەن: ھە؟قېنى، ئېيتىڭا، قانداق بېيىت ئۇ؟ (كۈلۈمسىرەيدۇ)

جالام: ئاڭلاپ تۇرۇڭ بولمىسا.

(مودەن ماقۇل ئىشارىسى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ، جالام بېيىت ئېيتىدۇ)

تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم
تال چوكانىم سېنى.
گۈل ئىچىدىن ئۈزۈۋالدىم،
گۈلى رەيھانىم سېنى.

خەلق ئالەم نەدىن ئالدىڭ،
دەپ سوراپ قالسا مېنى.
خۇدايىمغا نالە قىلىپ،
تىلەپ ئالدىم مەن سېنى ــ ياق، سىزنى.

(مودەن خىجىل بولغان هالدا، نازلىنىپ يەرگە قارايدۇ.)

جالام: مودەنگۈل (مودەنگە يېقىن كېلىپ تەلمۈرىدۇ)، مەن، مەن . . . سىزدىن ئايرىلىش، ماڭا ئېغىر. (سۈكۈت) هەممە ئىشلاردىن خەۋىرىم بار، ئەمما جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن، كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچمەيدىكەن، هېچكىم سىزگە چاڭ سالالمايدۇ، چاڭ سالغۇزمايمەن هەم!

مودەن: (بېشىنى كۆتىرىپ) ئۇھ . . . شۇنداق، جالام، مېنىڭ يۈرىگىم خۇددى سىزنىڭ يۈرىگىڭىز، ئۈلگىچە گەپ شۇ.

(جالام «ئاھ بالىجان» ئاھاڭىدا ناخشا ئېيتىدۇ.)

يارىم بىلەن ئىككىمىز
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
هەرگىز ئايرىلماس بولغان.

(يىراقتىن كىشىلەرنىڭ كېلىۋاتقان تېۋىشى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى ئاڭلىنىدۇ.)

جالام: مودەنگۈل، كىملەردۇ بۇ كېلىۋاتقانلار؟ (ئۇلار تىڭشىلىشىپ قارىشىدۇ.)

مودەن: جالام، مەن باغ باغلىغان يەرگە كېتەي ئەمسە.

جالام: ماقۇل، هازىرچە خوش، مودىنىم، ئامان بولۇڭ، كەچتە ئۇچرىشارمىز.

مودەن: (چىقىۋېتىپ) خەير خوش . . .

(مودەن چىقىپ هايال بولمايلا سۇلتان بەگ، سادىق تەرسا، ئاسىم ئۆدەك كىرىپ كېلىدۇ. سۇلتان بەگنىڭ قولىدا قورغوي، باشقىلارنىڭ قولىدا بىر ــ

ئىككىدىن بۆدۈنە.)

جالام: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

سادىق: ۋەئەيكۇم ئەسسالام.

ئاسىم: بۇ يەردە ئىكەنسىزدە ، جالام.

جالام: ھە بۈگۈن ئومىغا چىققان ئىدۇق.

سۇلتان: بۇ كىمنىڭ كەپىسى؟

جالام: بارات ئاخۇن ئاكامنىڭ.

سادىق: يالغۇز قالمىسۇن دەپ چىقىپ تۇرۇپىسز ــ دە.

ئاسىم: ئۇكام جالام، ماڭا قارىغىنا، ئىپتىز ــ ئىبرىقلارنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ قالدىڭمۇ نىمە؟ (باشقىلار كۈلىشىدۇ.)

جالام: ئاغىنىلەر ئىپتىز ــ ئىبرىق دىگەندە قۇرۇق گەپ تولا، سىلەر شۇنداق دىسەڭلار . . .

سۇلتان: توغرا، جالام، قۇرۇق بولمىسا ئايلىنىپ كىتەلمەي قاپسىز ئەمەسمۇ؟ (ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.)

جالام: بۇ چاقچاق ئەمەستۇ، ئاغىنىلەر؟

سۇلتان: بىزدەك مىڭىسى ئاينىپ قالغانلارغا چاقچاق!

جالام: مەن سىلەرنىڭ گىپىڭلاردىن ھىچنىمە چۈشىنەلمىدىم.

سۇلتان: ئالدىرىماي چۈشىنىپ قالارسىز.

جالام: ئاغىنىلەر، خاپا بولماڭلار، مەن ئومىغا باراي.

ئاسىم: شۇنداق قىلىڭ، شۇنداق قىلىڭ، قارا بىسىپ قالمىسۇن.

جالام: تاشلاپ كەتتى دەپ رەنجىمەڭلار، ئىش ۋاقتى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىپلىك ئەمەس.
(چىقىدۇ، باشقىلار قارىشىپ قالىدۇ.)

سۇلتان: مەن ئەمدى چۈشەندىم، بۇ چوشقىنىڭ بالىسى چىن مودەننى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپتۇ ــ دە، ئويلاپ بىقىڭلار، بولمىسا بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كىلىدۇ. بۇ كەپە بارات ئاكىنىڭ بولغاچقا مودەننى كۆرەرمەن دەپ كىلىدۇ ــ دە، (ئويلىنىپ خۇرسىنىپ) خەپ، قانداق قىلسام بولار، يە قىزلارغا گەپ قىلالمايدىكەن كىشى.

ئاسىم: سۇلتان بەگ، «تىبرىق تولۇمدا، يىتىم بولۇڭدا» دىگەن گەپ بار. مودەنگە قانات سۆرەپ يۈرگەن بىلەن ھىساب ئەمەس، چۆجىنى كۈزدە ساناش كىرەك.

سادىق: بۇ خۇمپەرنىڭ بالىسى ھالىغا باقماي مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈيدىغان بولسا (قول شىلتىپ)، بىر كۈنى ئۆلىدۇ، ئەجىلىدىن بۇرۇن!

سۇلتان: (نەلەرگىدۇ قاراپ) ئەنە، قىز ـــ جۇۋانلار باغ باغلاۋاتىدۇ. مودەنمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەك. ئاسىم، يۇگۈر، ئاتنى يەش، قولۇمغا قۇرغۇيۇمنى راسا كېلىشتۈرۈپ قوندۇرۇپ، ئالدىدىن قارا يورغامنى شۇنداق بىر يورغىلىتىپ ئۆتەيكىن . . . (ئۇ ھاياجانلىنىپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

قارچۇغامنى سالدىم مەن
قىزارغان ئوقى غولغا.
چىن مودەن ئۇنىماسمۇ،
بىز خوخەنزە ئوغۇلغا.

سادىق: بېگىم، ئاسىم كېلىشكىلار، ئات تەييار دەۋاتىدۇ.

سۇلتان: جۇرە! (چىقىشىدۇ، يىراقتىن ئوما ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ. يېقىندىن جالامنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ناخشا «دەردىلىك يامان» ئاھاڭىدا.)

مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.
باغ باغلىغان جۇۋانلار
زوق ئەيلىسۇن ناخشامغا.

(ناخشا ئاۋازى پەسىيىدۇ. سەھنە قىزىرىپ، كۈن پاتىدۇ. بارات ئاكا، جالام، تۇرسۇن، نادىر، ساۋۇت، مۇختەر، ھېدىللار كىرىدۇ.)

تۇرسۇن: بارات ئاكا، چاخچاق قىلمايدىغانسەن؟

بارات: ئەزبىرايى خۇدا، ئوغۇل بالا دېگەن تۆركەرگەن تۆكرۈكىنى ئىككىنچى قېتىم ئاغزىغا ئالمايدۇ.

تۇرسۇن: ھە، مانا، ياشا، بارات ئاكا. ئۆزەڭ نامرات بولغىنىڭ بىلەن قەلبىڭ ئالتۇن ئادەم ـــ دە سەن، ئۆلمە!

بارات: بولدى ئۇكا، دېگىنىڭدەك بولسۇن (جالام خىجىل بولۇپ، ئوغاقنىڭ بېسىنى كۆرگەنچە سىرتقا چىقىدۇ.) قېيناتام رەھمەتلىك تامچى ئىدى. بىز ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىدۇق. بىر كۈنى كەپىدىن چىقىپ كېتىپ باراتتىم، «بالام، بۇگۈن قورۇق تامدىن بەشنى ئۆزەڭ يالغۇز سوقساڭ، روزىخاننى بەرگىنىم بەرگەن دەپ تۇرۇۋالدى. گەپ چىڭغا چىقىپ تامغا چۈشتۈم، توپا تاشلايمەن، سوقىمەن، چەڭزە يۆتكەيمەن، باغلايمەن، بۇ ئىشلارنى تۆگەتكەندە، كۈن ئاغاچا بويى قالدى. ھەممىسى قارىشىپ تۇرىدۇ. قارا

تەرگە چۈشتۈم، پۈتۈن بەدەنلىرىم چۈمۈلە چاققاندەك بولۇپ كەتتى. كۆڭلۈم ئۆلتۈردى، تامىغۇ پۈتتى. قىيناتام رەھىمەتلىك: «باركاللا، ھۇششەرە بالام» ـ دېدى، پېشانەمدىن بىرنى سۆيدى ــ دە، يەرگە بىقىپلا جىمجىت كەتتى. كۆزلۈك ئاشلىقلار يىغلىدى. شەھەرگە قوناق، بۇغداي بولۇپ ئاشلىق ئەكىردىم، ساتتىم. ئاددى قىلىپلا توينى قىلدىم. (ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ) باللىرىم، ئۇ ئىش ئونغۇلباللىنىڭ ئىشى (بىلىنى تۇتۇپ) سىلەر ئوغاق بىلەيسىلەر، مەن كەپىگە كىرىپ بىردەم ئارام ئالاي، قىرىغاندا، ئەمدى ئىش ــ ئوقەتمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ.

ھىدىل: بارات ئاكا، كۆرگەن ــ بىلگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىنە.

بارات: بىر ئاز ئارام ئالايمىكىن، سىلەر ھە قاچان قىزلارنى يىغىپ كىچىك باللاردەك ئودىكام ئوينايسىلەر.

(ھەممە كۈلۈشىدۇ.)

كۆپچىلىك: سىزمۇ ئوينىمامسىز؟

بارات: بىز ئويدان ئويناپ بولغان، ئەمدى گېزەك سىلەرنىڭ، مەھەللىگە بارغاندا پەنجىر تۈۋىگىمۇ بارالمايسىلەر، ئوما ۋاقتى، ئايدىلىك كېچە، ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ ئويناپ قىلىڭلار.

ھىدىل: بارات ئاكام راست ئېيتىدۇ، بۈگۈن راسا ئويناش كېرەك، ۋاقىت غەنىمەت.

نادىر: جۈرۈڭلار، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ كەپىسىگە بېرىپ تەييارلىقىمىزنى قىلايلى.

تۇرسۇن: توغرا، ئايمۇ چىقسۇن، قىزلارمۇ بوشىسۇن، ئاندىن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، دەرقەمتە ئوينايلى.

جالام: (سىرتتىن كىرىپ) توغرا، شۇنداق قىلايلى، جۈرۈڭلار.

تۇرسۇن: جالام، كەپىگە بارغىچە باشلىغىنا، بىزمۇ قوشۇلايلى.

جالام: (كۈلۈمسىرەپ) بولىدۇ. (ناخشا «ۋادەرىخا» ئاھاڭىدا.)

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

(2 ــ كۇبلېت يىراقتىن ئاڭلىنىدۇ.)

بۇلبۇل قونمىغان دەرەخ،
سويما سالمىغان پەلەك.

ياشلىقىمدا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

(سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە ئاي چىقىدۇ. مۇزىكا ئاڭلىنىدۇ. ھەممە تەرەپ جىمجىت. قىز ــ يىگىتلەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى بىلەن تەڭ سەھنە يورۇيدۇ، قىز ــ يىگىتلەر كىرىپ كېلىدۇ.)

تۇرسۇن: قىنى، نېمە ئوينايمىز؟

گۈلسۇم: خالىغاننى ئوينايمىز.

نادىر: قىزلار خالىغاننى يىگىتلەر خالىمايدۇ ئەمەسمۇ؟

گۈلسۇم: سىلەر خالىغاننى قىزلارمۇ خالىمايدۇ، ئەمسە!

ساۋۇت: قىزلار، پۇرسەت غەنىمەت، ئاي ھازىرلا ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئاز كۈندە خامان ۋاقتى تۈگىسە، سىلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ.

خاتەم: تېپىش بۇياقتا تۇرسۇن، پەنجىر تۈۋتگىمۇ بارالمايسىلەر!

تۇرسۇن: سۆز ئاز بولسۇن، ئويۇنىمىز ساز بولسۇن.

مۇختەر: قېنى باشلايلى!

ھېبىل: كىملەرگە پوتا تاشلايلى؟

گۈلسۇم: بولمىسا ئۆرۈپ تاشلايلى (ھەممە كۈلىشىدۇ.)

بوستان: نېمە ئوينايمىز؟

ھېبىل: پوتا تاشلاپ ئوينايمىز.

تۇرسۇن: مودەن نېمە دەركىن؟

مودەن: ۋىيەي، ماڭا بەرىبىردەك.

تۇرسۇن: قېنى، باشلايلى.

گۈلسۇم: (ئوتتۇرىغا چىقىپ) قېنى كىمنىڭ پوتىسى بار؟

ھېبىل: مېنىڭ، مانا.

گۈلسۇم: ئەكەلمەمسەن؟

ھېبىل: بىراق، بىر شەرت بىلەن بېرىمەن.

خاتەم: قانداق شەرت ئۇ؟

ھېبىل: كىمگە پوتا كېرەك بولسا، شۇ كېلىپ بېلىمدىن يەشسۇن (قىزلار كۈلىشىدۇ. ھېبىل قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ تۇرىدۇ.)

تۇرسۇن: بەرسەڭچۇ ھوي، ئېيتىشماي.

ھېبىل: بېرەي ــ بېرەي، يىگىت بېشىنىڭ بۇيرۇقى (ئۆزى يېشىپ سۇنىدۇ.)

گۈلسۇم: (پوتىنى ئېلىپ) ئەمسە مەن باشلاي، قېنى، ئولتۇرۇڭلار.

تۇرسۇن: بىراق، ئاستاراق ئۇرۇڭلار.

(ھەممە دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرىشىدۇ، گۈلسۈم چۆگىلەپ كېلىپ پوتىنى ھېدىلنىڭ ئاقىسىغا تاشلايدۇ. ھېدىل ئۇنى تۇيمايدۇ، گۈلسۈم ئايلىنىپ كېلىپ ھېدىلنى دۈمبالايدۇ.)

مۇختەر: يىگىت بېشىنىڭ پەرمانى بار (ئۇرۇش توختايدۇ.)

تۇرسۇن: جانابى ھېدىل ئاخۇن، پوتا ئاتقان، ئۇگدەپ قىلىپ قارا باسقان گۇنايىڭىز ئۇچۇن سىزگە تەزىر سېلىنىدى. تېزرەك ئادا قىلىڭ!

ھېدىل: (ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ) جانابى يىگىت بېشى، قانداق قىلارمەن، ھېچ نېمە بىلمەيمەن.

گۈلسۈم: ئۆملىسىچۇ (ھەممە قىزلار كۈلۈشىدۇ.)

جالام: بول، بىزنى ئىزا تارتقۇزماي بىر نەرسە قىل.

ھېدىل: بېيت ئوقاي بولمىسا.

ھەممە: بولىدۇ، بولىدۇ.

ھېدىل: (بېيت ئوقۇيدۇ.)

قىشى قارا ئانار قىزلار پوتا سېلىپتۇ،
ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماستىن ئاستا كېلىپتۇ.
ئايلاندۇرۇپ، قوغلاپ يۈرۈپ راسا ئۇرۇپتۇ،
تەزىر سېلىپ مەن بۇقىنى جىلى قىلىپتۇ.
(بولۇپمۇ قىزلار چاۋاك چېلىشىپ كۈلۈشىدۇ.)

گۈلسۈم: ئولتۇرۇڭلار (ئايلىنىدۇ. پوتىنى مودەننىڭ ئارقىسىغا تاشلايدۇ. مودەن تۇيۇپ قىلىپ، پوتىنى ئېلىپ ئايلىنىدۇ ۋە جالامنىڭ ئارقىسىغا تاشلايدۇ. مودەن ئايلىنىپ كېلىشىگە جالام مودەن بىلەن بىللە پوتىغا ئېسىلىشىدۇ، يىگىتلەر كۈلۈشىدۇ.)

تۇرسۇن: ئىككىسىگە تەزىر سالىمىز، ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن.

جالام: بولارمىكىن.

مودەن: شۇنى دېمىنا، ئىككىمىز بىلمىسەكچۇ؟

گۈلسۈم: ئىككىڭلار بىلمىسەڭلار، جاڭگالدا ئوتۇن تېپىلمىغاندەك ئىش بولار.

تۇرسۇن: ھەببەللى، توغرا دېدىڭىز، گۈلسۈم.

گۈلسۈم: بولۇڭلار. (گۈلسۈم بېيت ئېيتىدۇ.)

ئومچى ئالدىرايدۇ ئورۇيمەن دەپ،
قىزلار ئالدىرايدۇ چاپسان ئېيتسۇن دەپ.
ئاي ئالدىرايدۇ ئۆلتۈرىمەن دەپ،
بويىتۇ ھەممىسىگە تەڭ نۇر چۇشسۇن دەپ.

(جالام، مودەن بىبىت ئىپىتىشقا باشلايدۇ.)

جالام: ئىچىلمايسەن، كۆلمەيسەن، نىمە يوقاتتىلىڭ؟
قولۇڭدىكى گۆھەرىڭنى نەلەرگە ئاتتىلىڭ؟

مودەن: ئاتقان گۆھەرنىڭ سىرىنى ھىچكىشى بىلمەس،
تۆككەن ياشلار ئاھ ــ زارىمغا پەرۋا قىلماس.

جالام: ئۇ مەلىنىڭ، بۇ مەلىنىڭ يولى بارمىكىن،
ئىشق ئوتىغا دۇنيادا دورا بارمىكىن؛

مودەن: ئىشق ئوتىنىڭ باردۇر دوراسى،
ساقىيار يار يېنىدا بولسا ياراسى.

جالام: جورام ئۈچۈن خىزمەت قىلاي تىكىپ بىشىمنى،
جورام ماڭغان كوچىلارغا سىپىپ يىشىمنى.

مودەن: جورام ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان سادداغا،
ئۇ جورامنى مەن تاپشۇراي قادىر خۇداغا.

(بىبىت تۈگەيدۇ، ھەممە كۆلۈشۈپ باربكاللا ئىيتىشىدۇ.)

تۇرسۇن: قوشۇمچە تەزىر ــ ئۇسسۇل.

مودەن: بىلمەيمەن.

جالام: مەنمۇ بىلمەيمەن.

گۇلسۇم: رۇخسەت يوق، بارىنى تۆكۈپ تاشلاڭلار.

(مۇزىكا ئۇسسۇل پەدىسىگە چىلىنىدۇ. مودەن بىلەن جالام قاراشما ئۇسسۇل ئوينايدۇ. دەل شۇ ۋاقتىدا ھىيتەك ھاسراپ كىرىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا يىقىلىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنى يۆلەيدۇ، قىيا ــ چىيا . . . )

جالام: نىمە بولدى، ھىيتاخۇن.

ھىيتەك: (ھاسراپ تۇرۇپ) ۋاي يۈرىگىم، يىرىلغىلى تاس قالدى. مەلىگە بايانداي سىپىلنى سوقسىلەر دەپ جاكا چىقىپتۇ.

قىزلار: ۋاي خۇدايىمەي . . .

جالام: قىزلار، تارايلۇق، ئۆز كەپىلىرىمىزگە كىتەيلى. (تارقىشىدۇ.)

گۇلسۇم: خەير خوش، ئەمسە.

(قىزلار چىقىدۇ، يىگىتلەر تىگىرقىشىپ قالىدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ

## ئىككىنچى پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى: بارات ئاكىنىڭ يېزىدىكى ئۆيى، سول تەرەپتە تام ۋە تامدا پەنجىرە، ئۇدۇلدا كوچىغا قارىغان پاكا سوقما تامدا ئەسكى ئىشىك، ئوڭ تەرەپتە بىر قانچە تۈپ دەرەخ، پەستە، ھويلا ئىچىدە چۆنەك ۋە گۈللەر، ئالدىدا چىراق. مودەننىڭ پەنجىرىدىن بىرنەرسىنى تىكىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇلبۇل قۇشلار تەلمۈرۈپ،
گۈل باھارنى كۈتكەندەك.
بىر ياش مەھبۇب زار يىغلار،
ئاشىق يارىنى كۈتكەندەك.

مەن كۈتمەن سەۋرىسىز،
ئاھ، جالام، يارىم سىنى.
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم،
قىينىما مۇنچە مىنى.

قانىتىم يوق ئۇچقىلى،
يېنىڭغا باراي دېسەم.
ئامالىم يوق ھەمىشە
يېنىڭدا بولاي دېسەم.

(مودەن ئۆز ئۆزىگە سۆزلەيدۇ) ھەرقاچان بۇ قېتىمقى سەيسە جالامنى ساق قويمايدۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ نۆۋىتى ئەمەس ئىدى، بىراق كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ (مودەن پەنجىرە تەكچىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇسىراپ يېتىپ قالىدۇ. ئاي ئۆرلەيدۇ. يىزا جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئىككى يىگىت كوچا بويلاپ «مودەن» ئاھاڭىغا تەمبۇر چېكىپ ئۆتىدۇ. تەمبۇر ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.)

مودەن: ئاھ، جالام! ئىككىمىزنىڭ ناخشىسى، بۇ ناخشا جالامنىڭ يۈرىكىدىن چىققان. قانداق چىققاندۇ، ئەقلىم ھەيران، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئېيتىشىدۇ. كېچىلىرى يىگىتلەر يىزا كوچىلىرىدا تەمبۇر چېكىپ ئۆتسە ياكى ئېتىزدىن يانغاندا جالام ناخشا ئېيتسا، يۈرەكلىرىم تىترەپ كېتىدۇ، ئۆلگىچە ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. ئېست، تەمبۇرچىلەر ئۇزاپ كەتتى، ھېچكىم كۆرۈپ قالمىسا،ئارقىسىدىن ماڭسام، زېرىكمەي چېلىپ بەرسە، تاڭ ئاتقۇچە ئاڭلىسام.

(يىراقتىن جالامنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.)

چىن مودەن قەلەم قاشلىق،
قىزىل يۈز، سۇمبۇل چاچلىق.
چىن مودەننىڭ يولىدا،
پىدا بۇ زىلۋا ياشلىق.

بويى ئۇنىڭ تال چىۋىق،
سۆزلىرى بالدىن تاتلىق.
قىزىل لېۋى جىنەستە،
خۇلقى خۇيىما يېقىملىق.

ئايرىلسام چىدالمايمەن،
ئۇنىڭسىز ياشالمايمەن.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاننى،
ھەر بالاغا ئاتقايمەن.

(جالام ناخشىنى توختىتىپ، ئۇلۇك تەرەپتىكى دەرەخ تۈۋىگە كېلىدۇ.)

جالام: مودەن ئۇخلىماپتۇ، پەنجىرىدىن چىراق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بارات ئاكام تايىنلىق ئېتىزدىدۇ. توختا، ھويلىسىغا چۈشۈپ باقاي (سەكرەپ چۈشىدۇ.) (ئۈيقۇدىن باش كۆتۈرۈپ ناخشا ئاڭلىغان مودەن ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ جالامنى ئىزلەشكە چىقىدۇ.)

مودەن: جالام كېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن تويغىچە سۆزلىشىۋالايچۇ! (چىراق كۆرۈنمەيدۇ. مودەن يۈگۈرۈپ چىقىپ تامنىڭ دالدىسىغا مۆكىدۇ.)

جالام: (مودەننى كۆرمەي، ئۇدۇل پەنجىرە تۈۋىگە كېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ.) ناخشا «ئايلىنىخان» ئاھاڭىدا:

پەنجىرەڭنى ئاچ يارىم،
مەن كەلدىم ئۇچراشقىلى.
ھالى، مۇڭىمنى ئېيتىپ،
سەن بىلەن مۇڭداشقىلى.

ئايرىلىشنى ئويلىسام،

يۈرىكىمگە قان تولار.
بۇلبۇل كەلدى گۈلشەنگە،
سەنمۇ كەلسەڭ نىم بولار؟

هازىرلا چىراق يىنىپ تۇراتتى. نىمە بولدى ئۆچۈپ قالدى. نىمە بۇ، ياكى كۆزۈمگە باشقا بىر نەرسە كۆرۈنگەنمۇ؟

مودەن: نىمە! ئوت دەمسىز؟

جالام: ھەئە . . . يالغۇز كۆرۈنگەن ئوت!

مودەن: (ناخشا ئېيتىدۇ. «رۇشەن!» ئاھاڭىدا:)

يىراقتىن پەنجىرەمدە
لىپىلداپ چىراق كۆيەدۇر.
چىراق ئەمەس، يارنىڭ ئوتى،
ۋىژىلداپ يۈرەك كۆيەدۇ.

چىراغىمدىن چاچرىغان ئوت،
ياش يۈرەككە تۇتاشقان.
كاۋاپ بولۇپ يۈرەك _ باغرىم،
ۋۇجۇدۇمنى ئوت باسان.

جالام: مىنى بوش قويارمۇ بۇ زالىملار، بۇ قېتىم مىنىڭ نۆۋىتىم ئەمەس ئىدى. قەستەن مىنى قەستلەپ سەيسگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ، كەتمەي قالسام جەزمەن بۇ يىل كۈزدە توينى قىلىۋالاتتۇق _ تە، (مودەنگە قاراپ كۈلىدۇ) تەييارلىقمۇ پۈتۈپ قالغان ئىدى.

مودەن: قانداق تەييارلىق ئۇ، جالام؟

جالام: قانداق بولاتتى، ئۆزىڭىز بىلىسىز. مەن ئات _ تۆگە تەييارلىيالمايمەن. بايلارغا ئىشلەپ يۈرۈپ يىققان ئازراق ئاخچام بار، ئەلگە چىراي سارغايتماي، شۇنىڭ بىتىشچە قىلىۋالسام بولدى. سىزچە قانداق؟

مودەن: ئۇنداق ئاۋارە بولۇپ كېتىشىڭىزنىڭ نىمە كېرىكىبار، سىز بىلەن مەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ (مودەن نۇمۇس قىلىپ يەرگە قارايدۇ.)

جالام: ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، يۇرت، ئەل _ ئاغىنە، دوست _ دۈشمەن بار ئەمەسمۇ.

مودەن: بۇ قېتىمقى سەيسدىن خەۋەر يوقتۇ؟

جالام: خەۋەر يوق دېگىلى بولمايدۇ، مودەنگۈل، ئەمدى سىز بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا پۇرسەت يوقتەك تۇرىدۇ. ئەگەر مېنى سەيسگە تۇتۇپ، كۆرەگە ئېلىپ كەتسىمۇ، كۆڭلۈم سىزدىن ئايرىلمايدۇ، ئۆزەم ھەر يەردە بولسامۇ كۆڭلۈم سىزدە. مەن سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن، سىزدىن جۇدا بولۇش ئۆلۈم بىلەن تەڭ، ئۇزۇن سۆزنىڭ قىسقىسى شۇ.

مودەن: مەنمۇ شۇنداق، سىزنىڭ يولىڭىزدا جان بېرىشكە تەييارمەن . . .

جالام: ئەگەر مەن كېتىپ قالسام، سۇلتان بەگ دادىڭىزغا ئەلچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن پۇللار بىلەن ياخشى كۆرۈنۈپ، يۈز بېشىغا پارە بېرىپ، سىزنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلسا قانداق قىلارسىز؟

مودەن: جالام، ئۇ يەرلەردىن خاتىرجەم بولۇڭ، سۇلتان بەگكە تېگىش مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم!

جالام: ۋەدە شۇ ئەمەسمە!

مودەن: شۇ، ھالاۋەتنى تەڭ كۆرىمىز، مۇشەققەتنىمۇ تەڭ!

جالام: بىر ــ بىرىمىزنىڭ يولىدا قۇربان بولۇشتىن يانمايمىز.

(تۈيۈقسىزدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ، تام ئارقىسىدىن بىرىسى «كاككۇك» دەيدۇ، جالام دەرھال شۇ تەرەپكە بۇرىلىدۇ.) مودەنگۈل، رەنجىمەي كىچىككىنە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ كېلەي.

مودەن: كىمدۇ ئۇ، يۈرىكىم ئەنسىرەپ تۇرىدۇ.

جالام: قورقماڭ، مېنىڭ ئاغىنەم، تۇرسۇن، بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ. (جالام ماڭىدۇ ۋە تام يېنىغا بېرىشقا تۇرسۇن بېشىنى چىقىرىپ سۆزلەيدۇ.)

تۇرسۇن: جالام، تۆۋەنكى مەھەللىدىن ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ، ئەللىك بېشى سىنى ئىزلەپ يۈرىدۇ. قانداق قىلىمىز، قاچايلى ياكى باشقا ئامالىڭ بارمۇ، قېنى، بىر نېمە دېگىنە؟

جالام: ماقۇل، مەن ھازىر چىقاي، سەن، ئاداش، كۆۋرۈك بېشىدا ساقلاپ تۇرغىن.

تۇرسۇن: ماقۇل (كېتىدۇ).

(جالام مودەننىڭ يېنىغا كېلىدۇ، مودەن گۈلنىڭ ئارىسىدىن قوپۇپ جالامنىڭ ئالدىغا ھەيران بارىدۇ.)

مودەن: (جىددى قىياپەتتە) جالام، تۇرسۇن ئۆمسە گەپ قىلىدىغۇ؟

جالام: سىزمۇ ئاڭلاپسىزدە ـ دە، مەنمۇ سەيسگە بارىدىغان ئوخشايمەن. مودەنگۈل، ھازىرچە خوش، مېنى يۈز بېشى ئىزلەپ يۈرگەندەك، ئۇنىڭغا نېمە دەيمىز، دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي.

مودەن: (يىغا ئارىلاش) جالام، ئايرىلىش دېگەن مۇشۇ! (ئۆسۈپ يىغلاشقا باشلايدۇ.)

جالام: (ئۆزىچە) يا پەلەك، خۇيما ۋاپاسىز ئىكەنسەن، يىتىملارنىڭ كۆز يېشىغا ئېچىنىساڭچۇ؟ ئاھ، خۇدا، ئۆزەڭ بار، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل!

مودەن: ناخشا:

كېتەر بولدۇڭ يەت يەرلەرگە،
مېنى تاشلاپ بۇ دەردلەرگە.
تولۇپ باغرىم ھەسرەتلەرگە،
قالدىم ئوتۇڭدا زار يىغلاپ.

جالام: ئۇنۇتمىغىن، مودەن گۈلۈم،
سەنسىز ئارام تاپماس كۆڭلۈم.
سەنسىز سايرىماس خۇش بۇلبۇلۇم،
ھەسرەتلەنمە كۆڭۈل تىلغاپ.

مودەن: ئۇنۇتماسمەن تا ئۆلگىچە،
ۋەدەم مېنىڭ ئەبەدكىچە.
جالام دەيمەن تا ئۆلگىچە،
مۇھەببەتنى دىلدا ساقلاپ.

جالام: غەم ــ قايغۇدىن ھېچ قورقماسمەن،
باسقان ئىزدىن ھېچ قايتماسمەن.
ۋەدەمنى ھېچ ئۇنۇتماسمەن،
تا ئۆلگىچە سېنى يادلاپ.

(بۇ ناخشىنى قول تۇتۇشقان ھالدا ئېيتىشىپ تام تۈۋىگە بارىدۇ.)

جالام: (سەكرەپ تامدىن چۈشۈپ كېتىپ بېرىپ) ھازىرچە خوش ئەمىسە (كېتىدۇ).

(مودەن خوشلىشىپ ئاستا قەدەم بىلەن مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ئاي پاتىدۇ، توخۇ چىللايدۇ، ئىتلار ھاۋشىيدۇ، تاڭ شولىسى ئارقىسىدىن جاھان يورۇپ، سەھنە يورۇشقا باشلايدۇ. ئۆيدىن بىر موماي يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ، مەھەللە چوڭلىرى ــ يۈز بېشىلەر كىرىدۇ.)

يۈز بېشى: بارات ئاخۇن بارمۇ؟

موماي: يوق، ئېخى ئېتىزدىن قايتمىدى.

مودەن: (يۈگۈرۈپ چىقىپ) كىم ئۇ، موما! (ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن بىر خىل ئۆزگىرىپ، تام ياقىلاپ كىرىپ كېتىدۇ.)

يۈز بېشى: موماي، دەرھال بارات ئاخۇننى قىچارتىڭلار!

موماي: ئۆيدە كىشى يوق، كىم قىچقىرىپ كېلىدۇ؟

يۈز بېشى: ئادەم يوق، ئەمىسە مەن بېرىشىم كېرەكما؟ بول چاپسان، بىر كىشى تېپىپ ئەۋەت، بولمىسا ئۆزەڭ بار!

موماي: خوشنا ــ خولۇملاردىن ئۇقۇشۇپ باقاي، بولمىسا ئۆزەم بارارمەن. (چىقىدۇ.)

يۈز بېشى: (سۇلتانغا قاراپ) ھوي بېگىم، كىيىكتەك چىقىپ سەكرەپ تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن كىم ئۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

سۇلتان: كۆردۈم ــ كۆردۈم، موماي چىقتىغۇ؟

يۈز بېشى: كاللا دېسە پاقالچاق دېگىننى، يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكەن پەرىزاتنى كۆرمىدىڭىزمۇ دەۋاتىمەن.

سۇلتان: يۈز بېشى ئاكا، جىن ــ پەرىلەردىن دەمسەن، بولسىمۇ باردۇر، ئەسكى تامدا نىمە يوق دەيسەن!

يۈز بېشى: (خەلققە قاراپ) ئىست، بۇنىڭ ئېتىلا ئادەم ئىكەنغۇ، ئۇنى ئېلىشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ. (سۇلتان بەگكە قاراپ) ھوي بېگىم، مەن نىمە قىلىپ يۈرىمەن، بىلەمسىز جالامنىڭ نۆۋىتى تېخى كەلمىگەن، مانا ئۇنى بۈگۈن پەقەت سىز ئۈچۈنلا سەيىسگە ئېلىپ بېرىش كويىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيمىزغۇ! ئەگەر ئۇنى تېپىپ، كۆرەگە جۆنەتمىسەك، ملىڭ قىلغان بىلەنمۇ سىز چىن مودەننى ئالالمايسىز.

(ئىشىكتىن مۆرىسىگە كەتمەن ئالغان، قولىدا سۇ قاپىقى تۇتقان ھالدا بارات ئاكا كىرىدۇ.)

بارات: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

يۈزبېشى: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

بارات: ھە، يۈزبېشى ئاكا، قىچقارتىپلا.

يۈز بېشى: سەن، بارات ئاخۇن، بۇ سەيىسگە تۇتۇلغان تازلارنى باياندايغىچە بىللە ھەيدەپ ئاپىرىپ بەرگىن جۇمۇ.

بارات: باياندايغىچە يىراق بولۇپ كېتەر، شەھەرگىچە ئاپىرىپ بېرەي.

يۈز بېشى: ماقۇل، بولىدۇ.

(ئىككى دوغا جالامنىڭ ئاكىسى بىلالنىڭ قولىنى باغلاپ كېلىدۇ.)

بارات: نىمە ئىش بۇ!

يۈز بېشى: (بىلالغا خىتاب قىلىپ) ئىنىسىنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

بىلال: ياق، يۈز بېشى ئاكا، مەن قاچۇرمىدىم، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن،

ئىزلىدىم، ھېچ يەردە يوق.

يۈز بېشى: گەپ شۇ، ئەگەر ئىنىڭنى تېپىپ بەرمىسەڭ، ساڭا ئارام يوق، شەھەرگە ئىلىپ بېرىپ ياملۇغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، سەن گەدەنكەشلىكىڭنى ھۆكۈمەتكە قىلىپ باق، قېنى كۆرۈپ باقاي!

بىلال: ئوبدان ئاكا، ئادەمنىڭ ئورنىغا ئادەم بارسا بولمىدىمۇ؟ ئىنىمنىڭ ئورنىدا ئۆزەم بېرىپ ئىشلەي دېدىمغۇ، يۈز بېشى ئاكا، سادىغاڭ كېتەي، جېنىم ئاكا.

يۈز بېشى: بىزگە داڭ كېرەك، سەن كېرەك ئەمەس، ھەر ئادەمنىڭ ئۆزى كېرەك، ھوي ھاماقەت، ئالا گەدەنلىك قىلماي، جالامنى تاپ، بولمىسا ياملۇغا ماڭىسەن.

بىلال: ئورنىغا ئۆزەم باراي!

يۈز بېشى: بولمايدۇ، زادى بولمايدۇ، ھەيدەڭلار بۇنى!

(بۇلار چىقىدۇ، تاشقىرىدىن سېپىل سوققىلى ئىلىپ مېڭىلغان مەدىكارلارنىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چىن مودەن چىقىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن قارايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان موماي يىغلايدۇ، كوچا يىغا ـ زارىغا تولىدۇ.)

(مەدىكارلار ناخشىسى):

ئاتام بارمۇ بۇ شەھرىگدە،
ئانام بارمۇ بۇ شەھرىگدە.
غېرىبلىق ئەسەر قىلدى،
دودىشاڭ كۆرەلەردە.

مەن سەيسگە ماڭغاندا،
يارىم ئىشگىدە قالغان.
قاچان كېلىسەن يارىم دەپ،
قارا كۆزگە ياش ئالغان.

(خەلق ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپ ئاخىرى تۈگەيدۇ، مودەن ئىشىككە يېشىنى قويۇپ يىغلايدۇ.)

موماي: (يىغلاپ) يىغلىما قىزىم، قوي، پايدىسىز، قانداق قىلىمىز، بۇگۈن پۈتۈن يۇرت ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ئايرىلدى، بىزلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرت يىغلايدۇ. داداڭمۇ قايتىپ كېلەر، جالامۇ كېلىپ قالار، جۇر بالام، ئۆيگە

كىرىپ كېتەيلى (موماي ئۈنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۆيگە ماڭىدۇ، مودەن ئارقىسىدىن ئاستا، مەيۈسلەنگەن ھالدا مېڭىشىغا، ئۇستىگە چاپان ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئارتقان ھالدا جالام كىرىپ كېلىدۇ.)

جالام: مودەنگۈل!

مودەن: جالام سىز بار ئىكەنسىزغۇ!

جالام: مەن تېخى بار، مودەن، يولداشلىرىم بىلەن يوشۇرۇنۇۋالسام «ئىنىڭنى سەن قاچۇردۇڭ» دەپ ئاكامنى يامۇلغا ھەيدەپ كېتىپتۇ.

مودەن، جالام، سىز ئاكىڭىزنى قۇتقۇزۇڭ، ئىككىمىز ئۈچۈن ئۇ بىچارە زۇلۇم كۆرمىسۇن، ۋەدە ۋەدە بويىچە بولىدۇ.

جالام: ناھايىتى ئوبدان، مودەنگۈل.

مودەن: شۇنداق قىلىڭ، جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق، ھەممە ئىشنى جايلاپ، ئاندىن بىر يول . . .

جالام: مودەنگۈل ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، بۇ سۆزىڭىز مېنىڭ ئۈچۈن . . .

مودەن: مانا سىزگە قۇرۇقلا سوغات، كەشتىلىرى سەت بولسىمۇ، كېيىنچە ئوبدانىغا تاۋاپ قىلارسىز!

جالام: باريكاللا، بىراق مېنىڭ سىزگە بېرىدىغان ھېچنەرسەم يوققۇ، قانداق قىلىمەن.

مودەن: سىز ئۈنىڭدىن غەم قىلماڭ، سالامەت كەلسىڭىز شۇنىڭ ئۆزى چوڭ سوغات.

جالام: (ئۆزىچە) نىمە دېيىشنى بىلمەيمەن (مودەنگە تىكىلىپ) خوش بولمىسا . . .

مودەن: خوش، ئامان بولۇڭ.

جالام: خوش، خوش . . . (كۆزىنى ئۈزمەي ئاستا ماڭىدۇ. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا مودەن توختايدۇ.)

مودەن: جالام، توختاڭ!

(ناخشا «چىن مودەن» ئاھاڭىدا):

مودەن:

يانارسەنمۇ يۇرتۇڭغا،
مېنى تاشلاپ ئوتۇڭغا.
تەلمۈرۈپ مەن قارايمەن،
يارىم كېلەر يولۇڭغا.

جالام:

كۆتكىن جېنىم ئېرىنمەي،
يات قوللارغا بېرىلمەي.

مەنمۇ ھېچ چىدالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى پات كۆرمەي.

مودەن: سۆزلىرىم يۈرىكىمدە،
چىن دىلدىن قىلدىم ۋەدە.
سەنسىز جېنىم ھارامدۇر،
ياشاش بۇ قارا يەردە.

جالام: كەتسەممۇ مەن يىراققا،
كۆڭلۈم قالار سېنىڭدە.
سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭنى،
ساقلايمەن يۈرىكىمدە.

جالام: خوش، مودەنگۈل! . . .

مودەن: خوش . . . (ئىشككە يۆلىنىپ قالىدۇ، جالام ئېسىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ چىقىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن بارات، موماي كىرىدۇ.)

بارات: نېمە بولدى قىزىم، يىغلىما.

موماي: سەيسگە تۇتقانلارنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلىمىز، بالام، يىغلىما (ئۆزى يىغلامسىرايدۇ) ئاخىر زامان مۇشۇ ئوخشايدۇ.

بارات: يىغلىما قىزىم، جۇرۇڭلار، (مودەن ئاستا كېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى گۈلنى ئويناپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلايدۇ، بارات ئاكىمۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ.)
(ناخشا «بىرلىك گۈل» ئاھاڭىدا):

يىغلىماڭ قىزىم كۆز نۇرۇم،
يىغلىماڭ، جىگەر باغرىم.
يۈرەك باغرىمنى ئېزىپ،
يىغلىماڭ، جان كۆز نۇرۇم.

ئەزدى بىزنى شۇم پەلەك،
قانغا ئورۇلدى بۇ يۈرەك.
كىمگە يىغلاپ ئاھ ئۇراي،

كىمدىن تىلەي، ئاھ مەن تىلەك.

(ناخشىنى تۈگىتىپ) ئۆيگە كىر، قىزىم، يىغلىما.

موماي: (يىغلامسىراپ) ھەي بالام، قانداق قىلىمىز، بۈگۈن بىرسى ئاتىسىدىن ئايرىلغان، بىرسى بالىسىدىن ئايرىلغان، بىرسى قەۋىم ــ قېرىندىشىدىن ئايرىلغان، قانداق قىلىمىز، ھىلىمۇ داداڭنى ئېلىپ كەتمىدى (موماي، مودەن كىرىپ كېتىدۇ.)

بارات: كۈن كەچۈرۈش ئېغىر، يا بۇ ئۆستەڭ بىلەن سىپىل پۈتمىدى، مانجۇلا ھەددىدىن ئاشتى، ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى بولغان يۈز بېشىدەك ئىتلارنىڭ زۇلمى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇ كەتكەن بىچارىلەر قاچانمۇ كېلەر؟ ئاشلىقلىرى ئورۇقسىز، خامانلىرى ئىگىسىز قالدى. ھەي، قالغان بۇغداينى ئورۇپ ئالاي (ئوغاق بىلەيدۇ ۋە ناخشا ئېيتىدۇ.)

بارات:
قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى يېتىپ كەلسە،
غېرىب ــ بىچارە دەپ ساتسۇن.

دەرد كەلدى بۇ باشىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا.
ھېچ كىشى ئېچىنمايدۇ
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا.

(بارات ئۆيگە مېڭىشىغا ھېتەك ئالدىراپ كىرىدۇ.)

بارات: كەل، ھېيتاخۇن بالام.

ھېيتەك: بارات ئاخۇن ئاكا، سىزچۇ، سىز ھازىر ئېتىزغا كېتىڭ.

بارات: نېمىشقا، بالام ھېيتاخۇن!

ھېيتەك: سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا سۇلتان بەگنىڭ ئەلچىلىرى كېلىۋاتىدۇ، يەنە سىزنى ئاۋارە قىلىدۇ.

بارات: چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن دېگەندەك، سەيسىگە تۇتۇلغان غېرىبلارنىڭ ئاخىرى تېخى مەلىدىن چىقىپ بولماي، ئەلنىڭ بالا ــ چاقىلىرىنىڭ كۆز يېشى قۇرۇماي، ئەلچى كېلىۋاتقىنىنى! كېتەي، بالام، كېتەي! . . .

ھېيتەك: شۇنداق قىلىڭ، ئاكا. (ئۇلار چىقىشىدۇ.)

## ئۈچىنچى پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى: باياندايدا سېپىل سوقۇش، سول تەرەپتە مانجۇ ئىستىبدات ئەمەلدارلىرىنىڭ چېدىرى (قارىياغاچ ئالدىدا)، چېدىر ئالدىدا ئىككى چېرىك، ئۇدۇلدا يېراقتىن يېڭى سوقۇلغان سېپىل دەرۋازىسى ۋە سېپىل تاملىرى كۆرۈنىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى يوغان قارا ياغاچلارغا ئادەملەر ئېسىلغان، قوللىرى باغلانغان، ئىڭراپ يۈرىدۇ، دۇمبىسىگە قاپ ئارتقان ئادەملەرئۈزلۈكسىز مېڭىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ناخشا ئاڭلىنىدۇ:

(ناخشا «ئاھ دەردىم» ئاھاڭىدا):
سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سېپىل سوققانلار نەلىك؟
بىز نېمە گۇنا قىلدۇق؟
بىكار ياتىدۇ شەھەرلىك.

ئەي ئوغۇل ئۆزەڭ نەلىك؟
زاتىم مېنىڭ قۇمۇللۇق.
ئۆز يۇرتۇمنى سورىساڭ،
خەنبىلىك يېرى قوغۇنلۇق.

زار قاخشاپ قان يىغلاپ،
بىز سېپىلنى سوقىمىز.
قىچىپ كېتىلى دېسەك،
مالۇيىدىن قورقىمىز.

(پەردە ئېچىلىدۇ، قېچىپ كېتىش بىلەن ئەيىپلىنىپ، تەنلىرى تىتىلغان، يۈز ــ كۆزى قان ھالدا قەپەزدە ئولتۇرغان جالام كۆرۈنىدۇ. ئۇ ناخشىسنى باشقا پەدىگە يۆتكەيدۇ.)

(ناخشا «سىگىلىم لەيلىخان» ئاھاڭىدا):

قەپەز ئىچىگە سولاندىم،

مودەن گۈلۈم، ئامان بول.
يات يەرلەرگە پالاندىم،
مېھرىۋانىم ئامان بول.

سەندىن مېنى ئايرىدى،
ۋاپادارىم، ئامان بول.
يۈرەكلەرنى داغلىدى،
جان كۆيەرىم، ئامان بول.

(چېدىر ئارقىسىدىن يۈز بېشى كۆزنى ئۇگىلاپ چىقىپ كېلىدۇ.)

يۈزبېشى: ئۇكام، ئۇلۇغ ئۇخلاۋاتىدۇ، ناخشا ئېيتما.

جالام: قەيەردە كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان نېمە بار، ناخشا ئېيتماي ئۆلەيمۇ، يۈز بېشى ئاكا؟!

يۈز بېشى: ئۇلۇغنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالسەن دەيمەن.

جالام: ئازاد قىلسۇن!

يۈز بېشى: نېمىشقا قاچىسەن، نېمە سەۋەپتىن، شۇنىڭ سەۋەپلىرىنىلا ئېيتىپ بەرسەڭ ئازاد قىلىدۇ.

جالام: ئاۋال ئازاد قىلسۇن، ناخشا ئېيتمايمەن ھەم پەرماندىن چىقمايمەن، ھىلىمۇ چىقمىدىمغۇ، پەقەت قېچىپ كەتمەك بىلەن ئەيىپلىنىۋاتىمەن، قاچماي ئۆلەيمۇ، بىر يىل بولدى، كەتكۈزمىدى. سىپىلغا بىر كۈنلۈك يەردىن توپا توشۇپ ئۇچىلار يىغىر بولۇپ كەتتى، يە قورساق تويمىسا، ئىشلىمىسەڭ ئۇرسا، قىينىسا، دارغا ئاسسا، بۇ قانداق گەپ، قانداق دۇنيادا ياشايمىز، يۈز بېشى ئاكا، ئېيتقىنا قېنى، سەنمۇ ئادەم بالىسىغۇ؟!

يۈز بېشى: دېدىمغۇ، مەلگە قېچىپ بېرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ، شۇنى ئېيتساڭ، مەن دارىنغا مەلۇم قىلىپ، سېنى بوشىتاي.

جالام: بوشىتاي دەمسەن، قارا يۈز! مەن مەلگە بېرىپ ئۇۋۇپ كەلدىم، سەن قارا يۈز سېتىلىپسەن، ئېيتقىنا، سۇلتان بەگدىن قانچە يامبۇ ئالدىڭ؟ ھەتتا ھۆججەتمۇ بېرىپسەن، مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرگەنمۇ سەن، ئەمدى نېمە قىلساڭ قىل، مودەن يېنىدا، يۈگرە، سۇلتان بەگكە توي قىلىپ، پولورنى يەپ، قوساق سىلىپ كەل!

يۈز بېشى: ئەخمەق، ئۆزەڭنىڭ نەدە تۇرغىنىڭنى بىلىپ سۆزلە!

جالام: يۈز بېشى ئاكا، ئۇرۇشقا كېچىكىپ قالدىڭ، سەن قەيەسكە تاشلاشتىن بۇرۇن، ئۇرۇۋالساڭ بولغان ئىكەن. كېچىكىپ قالدىڭ ئەمدى!

يۈز بېشى: ھوي، بولدى ــ بولدى ئۇكام، جېنىم ئۇكام، پايدا يوق ملك ۋالاقلىغان بىلەن.

جالام: ئۆزەمگە پايدىسى بار نېمە قىلساڭ قىل، ناخشا ئېيتىمەن، ۋارقىرايمەن، ئەڭ قاتتىق جازا مۇشۇدۇ؟ بۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسەڭ دارغا ئاسارسەن، بولمىسا بوينۇمنى چاپارسەن، نېمە قىلساڭ قىل، ناخشا ئېيتىمەن.

(ناخشا «سادىر» ئاھاڭىدا):

دەردى بولمىسا يارنىڭ،
ئېيتامدۇ تولا ناخشا.
ناخشا ئېيتقانغا يار كەلمەس،
ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى . . .

يۈز بېشى: بۇ دەيۈزگە گەپ ئۇقتۇرالمايدىغان ئوخشايمەن (چىقىدۇ).
(بىلال خورجۇن كۆتەرگەن ھالدا كىرىدۇ.)

بىلال: جالام، ئۇكام، ئەھۋالىڭ قانداق؟

جالام: سەنمۇ، بىلال ئاكا، يېزىدا نېمە خەۋەر بار؟

بىلال: ئۇكام بىزنىڭ خەۋەر باشقىچە، مودەننىڭ ئەھۋالى ئېغىر، كېچىلىرى جالام دەپ جۆيلۈپ كېتىدىغان بوپتۇ، سۇلتان بەگنىڭ ئەلچىلىرى كۈندە نەچچە مەرتىۋە كېلىپ، بوسوغىلارنى تېشىۋەتتى دەيدۇ. بارات ئاكام بۇلارنى كۆرۈم كۆرمىسۇن دەپ ئېتىزغا چىقىپ يېتىۋاپتۇ. يالاقچىلىرى ئۇ يەرگىمۇ چىقىپتۇ. سۇلتان بەگ يۈز بېشىغا پارىنى تويغىچە بېرىپتۇ. ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان، سەن ئۇكام، بىر ئىلاجى قىلىپ قۇتۇلۇپ، چاپسانراق توي قىلىۋالمىساڭ، ئاقىۋەت يامانەدەك تۇرىدۇ. مانا، ساڭا نان ــ توقاچ ئەكەلدىم، (ئۇ نەرسىلەرنى سۇنىدۇ.)

جالام: ئەمدى ئاكا، ئۆزەڭ نېمە قىلماقچى!

بىلال: دارىنغا بىر ئەرز يېزىپ كەلدىم، ئەرزىمنى قوبۇل قىلىپ ئۇناپ قالسا، ئۆزەم سېنىڭ ئورنۇڭدا ئىشلەپ، سېنى يېزىغا جونىتىمەن، ئىلاجى بولسا، چاپسانراق بېرىپ توينى قىلىۋال . . . چىرىك كېلىۋاتىدۇ، مەن نېرىراق كېتەي.

جالام: رەھمەت ئاكا. (ئۆزىچە) قېرىنداش دېگەن باشقا نەرسە ئىكەن. بولمىسا قانداق قىلاتتىم؟ نانمۇ ئۆز ۋاقتىدا قوۋلۇمغا تەگدى. (بىلال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چېدىردىن بىر چىرىك چىقىپ «دارىن كېلىۋاتىدۇ»

دەپ ۋارقىراپ خەۋەر بېرىدۇ، تالادا تۇرغان چېرىكلەر ئۆزىنى تۈزەپ تىك تۇرىشىدۇ. باشلىقنىڭ چىدىرىدىن چىقىشىغا، نېرىقى تەرەپتىن يۈز بېشىمۇ يېتىپ كېلىدۇ.)

جاڭ دارىن: (قەيەرگە ئىشارە قىلىپ، چالا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدۇ) يۈز باشى، ئاۋۇ ئادەمنى ئېلىپ كەل.

يۈز بېشى: خوپ. (ئىككى يايى بىلەن بېرىپ قەيەردىن جالامنى چىقىرىپ، قوللىرىنى باغلاپ دارىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. جالام تازىم قىلىدۇ.)

جاڭ دارىن: ھەي چەنتۇ، سەن نېمە ئۇچۇن قاچىدۇ؟

جالام: مېنىڭ نۆۋىتىم ئەمەس ئىدى، سەيسگە تۇتتى، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يۈز بېشى ئالتە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىسەن دېگەن ئىدى، مانا بىر يىل بولدى. تېخى ئەۋەتمىدى، يۇرتۇمنى كۆرگۈم كەلدى.

يۈز بېشى: بۇ ئوغرىنىڭ مۇنداق قىلىشى دارىننى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن.

جاڭ دارىن: (ئاچچىقى بىلەن سەكرەپ يەرنى تېپىپ) ھەي، سىڭكۇ، تامادى، ئۇرۇۋېڭلار ئۇنى (ئىككى يالاقچىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ جالامنى يەرگە باسىدۇ، كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلايدۇ، جالامنىڭ بەدەنلىرى قىزىل قانغا مىلىنىدۇ).

يۈز بېشى: دېمىدىممۇ مانا، ئاقىۋەتنىڭ شۇنداق بولىدۇ دېسەم، يەنە گەدەنكەشلىك قىلىسەن.

جاڭ دارىن: ھوي يۈز باش، سىز قايتىڭ، ھىلىقى ئىشنى ئوبدان بەنلى قىلىڭ.

يۈز بېشى: خوپ تەقسىر (ئارقىسى بىلەن قول قوشتۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. جاڭ دارىن ئاستا مېڭىپ سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىدە ھېچكىم قالمىغاننى بىلىپ، يىغلىغان ھالدا بىلال كېلىپ ئىنىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرىدۇ.)

بىلال: ئۇكام، كۆزۈڭنى ئاچ، قانداق قىلىمىز. ئامال يوق.

جالام: (ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

زالىملارنىڭ قانخورلۇقى جان ــ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى،
زارداپ قىلىپ قان گۆشنى، يۈرەككە بېرىپ يەتتى.
ئەي ۋاپاسىز شۇم پەلەك، بىزنى قىلدىڭ بىچارە،
زۇلۇم ــ كۈلپەت دەستىدىن يۈرەك بولدى مىڭ پارە.

(شۇ ۋاقىتتا سىرتتىن جاڭ دارىن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنى كۆرگەن بىلال بىر تەرەپكە يوشۇرۇنۇپ، ئۇلار چىدىر ئالدىغا كەلگەندە قولىدىكى ئەرزىنى تۇتىدۇ. جاڭ دارىن ئەرزنى ئوقۇتىدۇ، تۇڭچى ئەرزنى ئوقۇيدۇ):

«ئەرز —
جاڭ دارىن جاناپلىرىغا: ئىنىم جالام كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇرنىغا 15 كۈن مەن ئىشلەپ تۇرسام. ئىنىم ساقايغاندىن كېيىن ھوزۇرلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك.
ھۆرمەت بىلەن ئەرز يازغۇچى: بىلال»

جاڭ دارىن: (بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن) بۇ سەندە ئۇكاڭزىما؟ سەن بۇنىڭ ئۇرنىغا سەيسە قىلىشقا كەلدىما؟ ئەگەر سەن پاۋلى قىلىپ قاچسا، سىنى كىم گۆھنلى قىلىدۇ؟

بىلال: (تازىم قىلىپ) زادى ئۇنداق ئىشلار بولمايدۇ، تەقسىر، 15 كۈنگىچە ئىنىم ساقىيىپ كېلىدۇ. مەن ئىككى كىشلىك ئىشنى بىجىرىمەن.

(جاڭ دارىن بىشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاستا چىبدىر تەرەپكە ماڭىدۇ. بىلال جالامنى يۆلەپ ئىلىپ چىقىدۇ. ئىككى يايى تۆت — بەش ئادەمنى باغلىغان ھالدا نىرىقى قارا ياغاچنىڭ تۈۋگە تىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇ ۋاقتتا يۈز بىشى يىتىپ كېلىپ ئۇياق — بۇياققا قارايدۇ.)

يۈز بىشى: (زەڭگاڭغا قەپەزنى كۆرسىتىپ) قەپەزدىكى ئادەم نەگە كەتتى؟

زەڭگاڭ: دارىن ئاكاڭزا ئۇنى قويۇپ بەردى.

يۈز بىشى: نىمە؟ نىمە؟

زەڭگاڭ: دارىن فاڭلى قىلىۋەتتى.

يۈز بىشى: (ئۆزىچە) ئەستاغپۇرۇللا، ئاكسى بىلال كېلىپ ئىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، مىنى شەرمەندە قىلدى، خەپ، يېزىغا بىرىپ ئەدىپىنى بىرەي. ئاۋۋال، ئىلاجى بولسا، دارىن بىلەن يولۇقسام بولاتتى.

(زەڭگاڭنى قىچقىرىپ، يانچۇغىدىن بىر گادا ئەپيۈننى چىقىرىپ بىرىپ) بۇ ئەپيۈننى سىز چىكىڭ، مىنىدارىنىنىڭ يىنىغا بىرىشقا رەخسەت قىلىڭ.

زەڭگاڭ: (ئەپيۈننى ئىلىپ) دارىن ھازىر ياپيەن چىكىدۇ، سەن كىرسە دۇزا جاڭلى بولىدۇ، بۇشىڭ!

يۈز بىشى: شەرمەندە بولدۇم، شەرمەندە بولدۇم (سەھنىنى بىر قانچە ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ).

پەردە چۈشىدۇ

تۆتىنچى پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى: بارات ئاكىنىڭ يېزىدىكى ھويلىسى. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى دەرەخ ئاستىدا قىزلار مەجلىس قۇرغان. دۇتارچى ــ سازەندىلەر تويى بەزمىسى ئۆتكۈزىدۇ، مودەن ياغلىققا پۈركەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ.

گۈلسۈم: قېنى ئەلاخان ھەدە، دۇتارىڭنى قولۇڭغا ئالغىنا!
پاتەم: راستلا، تاڭغا چىشلىۋالغاندەك بولۇپ كەتتىڭغۇ؟
ئەلاخان: دۇتار مانا، مەن تەييار (ئەلاخان دۇتارنى ئالىدۇ. بىر ــ ئىككىسى پەتنۇسنى داپ قىلىپ چالىدۇ).

(ناخشا):

چىم ــ چىم ئەتتىم چىم بىلەن
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.
ئىسى ــ يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرسەن كىم بىلەن.

بارايلى دىمەيمىدۇق،
يانايلى دىمەيمىدۇق.
ۋەدىمىز قىزىل ئالما،
چىشلىشىپ يىمەيمىدۇق.

(ئۇسسۇل ناخشىلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن ئېيتىلىدۇ.)

گۈلسۈم: مەن ئۇسسۇل ئويناپ كىمنى تارتسام شۇ ئوينىسۇن.
قىزلار: بولدى ــ بولدى.
(گۈلسۈم خېلى ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن خاتەمگۈل، نۇرەملەرنى تۇتىدۇ، ئۇلار تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مەجلىس راسا قىزىغلى باشلايدۇ. ئەلاخان دۇتارچىنىڭ ئالدىغا ئۆرۈملەر تولىدۇ.)
گۈلسۈم: (مودەننىڭ يېنىغا بېرىپ) قىزلار، مودەن نىمە ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاچمايدۇ؟
خاتەم: مەن بولسام پاراقلاپ كۈلۈپ ئولتۇراتتىم.
گۈلسۈم: نىمىشقا؟
خاتەم: خالىغان يىگىتكە تەككەندىن كېيىن (ھەممىسى پاراقلاپ كۈلىدۇ).
ئەلاخان: يىغلىغان قىز ئوڭايلا ئەپلىشىپ قالىدۇ. (كۈلكە)
بوستان: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «جالام، جالام» دەپ زارلىنىپ يۈرگەن چىن مودەن ئەمدى ئۆز يارى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويماقچى بولغاندا، يىغلىسا زادى

كېلىشىمەس!

گۈلسۇم: شۇنى دەيمەن، دەم خالىغانغا يېتەمدۇ؟ (يىراقتىن يىگىتلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، يەڭگە يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.)

يەڭگە: قىزلار يىگىتلەر نىكاغا كېلىۋاتىدۇ، سىلەر ئۆيگە كىرىپ تۇرۇڭلار.

گۈلسۇم: بىز يىگىتلەردىن قاچاتتۇقمۇ؟

يەڭگە: سەت ئەمەسمۇ؟ كىرىپ تۇرۇڭلار (ئۇلار ئۇلاش — چولاش ئۆي تەرەپكە ماڭىدۇ. كوچا تەرەپتىن ئۆلەننىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ ۋە سەھنىگە ئۇلار ئالدىدا ئىككى — ئۈچ ئادەم ئۇسسۇل ئويناپ كىرىپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنى ئارغامچا بىلەن توراپدۇ. پۇل ۋە نەرسىلەرنى بېرىپ بارات ئاكىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىدۇ. تار ئىشىكتىن كىرىدۇ. بەزىلىرى قاراپ تۇرىدۇ، بىر ۋاقىتتا قىزلار بار ئۆيدىن مەزىن چىقىدۇ).

مەزىن: ئوغۇللار، ئازراق تەخىر قىلايلى، جامائەت تېخى كەلمىدى، ھەممىسى دەرقەمتە بولغاندا نىكا ئوقۇيمىز.

باللار: ناھايىتى ئوبدان، ماقۇل — ماقۇل.

مەزىن: مانا بۇ جايدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، نەغمە، بەزمە قىلساڭلارمۇ ئىختىيار ئۆزەڭلەردە.

(يىگىتلەر ئاۋالقى قىزلار ئولتۇرغان تەرەپكە ئۆتىدۇ، سازەندىلەر سازلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ كوچا ناخشىسىنى ئېيتىدۇ، ساز بىر ئاز پەسلەيدۇ. يىگىتلەر ھەر تەرەپلەرگە كېتىدۇ. سەھنىدە توختى، سادىق قالىدۇ. توختى سادىقنى قىچقىرىپ يېنىغا تارتىدۇ.)

توختى: ھىلىقى ئىشنى قانداق جايلايمىز؟

سادىق: نىكادىن كېيىن قالدى ئەمدى.

توختى: سۇلتان بەگ نېمە دېگەن ئىدى؟

سادىق: ئۇ كالۋا نېمە دېسۇن، يۈز بېشى ئاكامنىڭ دېگىنىدەك قىلىش كېرەك. جالامنىڭ خالىي ۋاقتىنى تېپىپ كۆكسىگە پىچاقنى قاراپ قويىاي!

توختى: ئۆزىمىز تۈنۈلۈپ قالمايلى، ئاداش، پەخەس بول.

سادىق: ئۇ يەرلىرىدىن خاتىرجەم بول، سەن يىراق كەتمە، قاچقاندا چاققانلىق قىل جۇمۇ!

توختى: ماقۇل، ئاداش.

سادىق: گەپ شۇ، بولمىسا.

توختى: ئىش ئورۇنداش ئۈچۈن يېقىن يۈر جۇمۇ، بولمىسا قىينىلىپ قالىسەن.

(شۇ ئارىدا باغدىن يىگىتلەر قايتىدۇ. جالام، تۇرسۇن، ساۋۇت ۋە ھېيتىللار كىرىپ كېلىدۇ، يەڭگە چىقىپ يىگىتلەرگە قاراپ ۋاقىرايدۇ.)

يەگگە: يىگىتلەر، قىلار سىلەر بىلەن بەسلىشىمىز دەيدۇ، ئۇنامسىلەر؟

يىگىتلەر: ئۇنايمىز ـــ ئۇنايمىز . . .

تۇرسۇن: قىزلار بەك گەپچى كېلىدۇ. گەپ تېپىپ بېرەلىسەڭلار ئوينىاڭلار، بولمىسا ئادەمنى ئىزاغا قويۇۋسىلەر.

ھېدىل: ماڭسىڭا ئاداش، قىزلاردىنمۇ يېڭىلىپ قالامدىكەن، قىزلاردىن يېڭىلگەن جاننى ساقلاپ يۈرگىچە ئىتقا تاشلاپ بەرمەي، پاراڭ بولدى ـــ دە!

ساۋۇت: ئاتە پاختاڭنى، كۆرىمىز قېنى سىنى، ئارىغا چىقىرىپ قويايلى، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت شۇلارغا.

ھېدىل: بولدى، مېنى چىقىرىپ قوي (جالامغا قاراپ) جالامنىڭ تويىدا قىزلاردىن يېڭىلىپ قىلىش دېگەن ئۆلۈم ئەمەسمۇ!

ساۋۇت: تولا سۆزلىمە، ئەنە چىقتى.

(قىزلار چىقىپ پەنجىر يېنىدا ئولتۇرىدۇ، يىگىتلەر بىر ياققا توپلىشىپ ئۆزلىرىنى رۇسلايدۇ.)

گۈلسۇم: قېنى سىلەردىن كىم چىقىدۇ؟

تۇرسۇن: (ھېدىلغا قاراپ) چىق، يوغان سۆزلەۋاتاتتىڭ، كارامىتىڭنى كۆرەيلى.

ھېدىل: (بېشىنى تاتىلاپ) ئەستاغپۇرۇللا، بالاغا قاپتىمەن، گەپ تاپالمىسام قانداق قىلارمەن، ئاغزىمدىن چىقتى، ساقلىمىغا ياماشتى.

گۈلسۇم: قېنى سىلەردىن كىم چىقتى؟

ھېدىل: بوپتۇ، چىقسام چىقاي (ئوتتۇرىغا چىقىدۇ).

گۈلسۇم: قىزلار تەرەپتىن مەن چىقتىم.

تۇرسۇن: قېنى باشلاڭلار (ساز چېلىنىدۇ، ئىككىسى بېيت باشلايدۇ).

گۈلسۇم: ئاپپاق ـــ ئاپپاق توشقانلار قومدا تولا يار ـــ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر تويىدا تولا يار ـــ يار.

ھېدىل: قىزىل ـــ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار ـــ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار ـــ يار.

گۈلسۇم: ئۇششاق ـــ ئۇششاق توشقانلار خاماندىدۇر يار ـــ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندىدۇر يار ـــ يار.

ھېدىل: ئۇششاق ـــ ئۇششاق تاللارنىڭ بەرگى تولا يار- يار،
يار تۇتمىغان قىزلارنىڭ دەردى تولا يار ـــ يار.

گۈلسۇم: يوغان ــ يوغان دەرەخلەر ھېچ ئىگىلمەس يار ــ يار،
يوغان قورساق يىگىتلەر ھېچ ئىگىلمەس يار ــ يار.

ھېدىل: (تۇرسۇنغا قاراپ) ھوي يىگىت بېشى ئەمدى نېمە دەيسەن.
تۇرسۇن: شەرمەندە قىلدىغۇ بىزنى بۇ لاۋزا، چىق ماياققا.
ساۋۇت: بولدى مەن چىقاي (ئۆزىنى رۇسلايدۇ، قىزلار زاڭلىق قىلىشىپ كۈلۈشىدۇ. شۇ ئارىدا مەزىن ئاخۇنۇم چىقىپ كېلىدۇ، قىزلار مۆكۈشىدۇ).
مەزىن: نىكاغا تەييارلىنىڭلار.
تۇرسۇن: بىز تەييار، مەزىن ئاخۇنۇم.
مەزىن: بولمىسا مەن كىرىپ كېتەي، سىلەر پەنجىر تۈۋىگە بېرىڭلار.
(مەزىن كىرىپ كېتىدۇ، ياشلار پەنجىر تۈۋىگە بارىدۇ.)
تۇرسۇن: (جالامغا قاراپ) نىكايىڭىزغا قوبۇل قىلىپ ئالدىڭىزمۇ دېسە، ئالدىراپلا ئالدىم دەۋەتمە، جۇمۇ!
ھېدىل: راست، شۇنداق قىل، ئېچىقاپ ئاران تۇرۇپتۇ دېمىسۇن.
(جالام ئىزا تارتقان ھالدا ماقۇل ئىشارىسىنى بېرىدۇ.)
سادىق: دېمىسىمۇ جالام ئاران تۇرغانغۇ! (خەلققە قاراپ) نىكانىڭ ھالاۋىتىنى كىم كۆرىدىكىن، كۆرمىزغۇ تېخى(توختىغا قاراپ) توختى، سەن بارمۇ؟
توختى: بار، بار.
سادىق: نىكا خېلى ئوبدان بولىدىغان بولدى (مەزىن چىقىدۇ).
بارات: (چىقىپ يىگىتلەرگە قاراپ) ئىچكەركى ھويلىدا بىر خالىي ئۆي بار، سىلەرمۇ كىرىپ تاماققا ئولتۇرۇڭلار.
يىگىتلەر: مەيلى، بولمىسا شۇنداق قىلىلى (ھەممىسى ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ).
سادىق: ھەي ئاغىنىلەر، سۇلتان بەگ ئۇيسۇپلا كىرسە سەت بولارمىكىن، مۇشۇ ئورنىمىزدا ئولتۇرۇۋالساقمۇ بولاتتى.
تۇرسۇن: بەللى، سۇلتان بەگ ئايرىلىپ قالسا بولامدىكەن؟
ھېدىل: مۇنۇ گەپىنى قىل (مېڭىشىدۇ، سادىق بىلەن توختى ئارقىدا قالىدۇ).
سادىق: مۇشۇ يەردىن چىقىشقا جۇمۇ.
توختى: بولىدۇ، بولىدۇ.
سادىق: چەبدەسلىك ئىشلەت، جۇمۇ ئاداش!
توختى: سەنمۇ قالما.
سادىق: ئىشنى جۆندەپلا قېچىش كېرەك (شۇ ئارىلىقتا توختى كىرىپ كېتىدۇ، جالام بىلەن تۇرسۇن چىقىدۇ.

تۇرسۇن: كىرمەيسىلەرغۇ؟

سادىق: كىردۇق، مۇنۇ نىرىقى ھوجىرىدىن يەپ چىقتۇق.

تۇرسۇن: يۇرۇڭلار ئاداش، ئۇرنىمىزغا بىرىپ ئولتۇرايلى، ئاشنى ھەش ــ پەش دېگىچە يەپ بولدۇق. باشقىلارغا لىگەن يېتىشمىدى (ئۇرۇنلىرىدا ئولتۇرىشىدۇ.

سادىق: راسا كىلىشتۇرۇپ بىر نەغمە ناۋا قىلىپ قايتايلى.

تۇرسۇن: بولىدۇ (توختى يۈگۈرۈپ چىقىدۇ).

توختى: (تۇرسۇنغا قاراپ) يىگىت بېشى، سىنى باللار قىچقىرىۋاتىدۇ.

تۇرسۇن: نىمە قىلىدىكەن؟

توختى: بەللى، مەن بىلمەيمەنمۇ، كىرمەمسەن؟

تۇرسۇن: جالام، ئولتۇرۇپ تۇر.

جالام: كىرىپ چىق (تۇرسۇن كىرىپ كېتىدۇ، سادىق دۇتارنى ئىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ).

توختى: قولۇمدا قوۋۋەت بولسا، كۆڭنى تارتىپلا پەسكە چۈشۈرۈۋېتەتتىم ــ دە، سۇلتان بەگ.

سادىق: (يالغاندىن كۈلىدۇ) مۇشۇ تەمبۇر ياخشىغۇ دەيمەن (جالامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالىدۇ ۋە توختىغا كۆز قىسىدۇ، توختى بولسا شەرەت بېرىدۇ ۋە قونجىدىكى پىچاقنى ئىلىپ سالىدۇ. جالام ئۆمۈلەپ كېتىدۇ).

جالام: ھايۋان! (غەزەپ بىلەن ئۈنىڭ قولىغا ئېسىلىدۇ، خىلى ئۇزۇن چىلىشقاندىن كىيىن توختى پىچاقنى ئىككىنچى قىتىم جالامنىڭ يەلكىسىگە سانچىيدۇ. قان چاچراپ چىقىدۇ. جالام «ئاھ» دەپ دەرمانسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. سادىق بىلەن توختى ئۇيان ــ بۇيان قاراپ تامدىن ئاتلاپ قىچىپ كىتىدۇ. تاماق يەپ بولغان باللار چىقىدۇ، تۇرسۇن يۈگۈرۈپ جالامنىڭ يىنىغا بارىدۇ).

تۇرسۇن: ھىچكەم چاقىرمىغان ئىكەن (ئاڭغىچە جالامنى كۆرۈپ قىلىپ) ھوي، نىمە بولدى، جىنىم دوستۇم! (بىشىنى تىزىغا ئالىدۇ، ئۆزى ھودۇقۇپ) باللار، مەيەرگە كېلىڭلار.

ھېدىل: نىمە بولدى، ئاداش.

تۇرسۇن: ئارىمىزدا كىم يوق؟

ساۋۇت: (باللارنى ئارىلاپ) توختى ئۆدەك، سادىق تەرسا يوق.

تۇرسۇن: ئىزلەڭلار، دەرھال ئىزلەڭلار (تۇرسۇندىن باشقىسى ئىزلەپ كىتىشىدۇ) ئەستاغپۇرۇللا، جالام ئاداش، (مەيدىسىنى تىڭشايدۇ) خۇداغا شۈكرى، يۈرەك ئۇرۇشى بار ئىكەن، جالام، ئاداش، كۆزۈڭنى ئاچقىنا (خەلققە قاراپ)

يىتمىنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بىشى تاشقا تېگىپتۇ، دېگەن مانا مۇشۇدە، ئاران سەيسە، قەپىزىدىن قۇتۇلۇپ كەلگىنىدە . . . (گەپ قىلالماي يىغلايدۇ ۋە شۇ ھالدا ناخشا ئېيتىدۇ.)

جالام، باغرىم، جان دوستۇم،
دۈشمەن ساڭا كۆپەيدى.
يۈلۈپ تاشلاشقا سىنى
كۆز ئالايتىپ ھومايدى.

كاج زامان ــ تەتۈر پەلەك،
ئىش ئىلگىرى باسمىدى.
كەمبەغەللەر ھەمىشە،
قان يىغلىدى قاقشىدى.

(شۇ ئارىلىقتا مودەن يۈگۈرگەندەك كىرىپ كېلىدۇ، ئۇ ھاياجانلانغان، چېچى چۇگۇلغان ھالدا ئۆزىنى جالامغا تاشلايدۇ).

مودەن: تۇرسۇن ئاكا، بۇ نىمە گەپ؟

تۇرسۇن: دۈشمەننىڭ سۈيقەستى، مەڭ سىڭلىم، جالامغا سىز قاراپ تۇرۇڭ، مەنمۇ ئىز قوغلاي (ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

مودەن: جالام، بەختلىك كۈنلەر ئىچىدە زۇلمەتتە ئۇچىراشتۇق. جالام، نىمە بولدى، باغرىم جالام، كۆزۈڭنى ئاچ، راھەت ئۇچىرىشىش بىزگە نىسىپ بولمىغان ئىكەن، مەن سېنىڭسىز دۇنيادا تىرىك قالمايمەن، سەنسىز دۇنيا بەرىبىر، ماڭا گورۇستان!

(يىغلاپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

ئاچ كۆزۈڭنى جان يارىم،
يۈرىگىم زەرداپ بولدى.
كۆيۈپ ۋۇجۇدۇم بارى،
ئۆرتەندى، كاۋاپ بولدى.

راھەت كۈننىڭ نۇرىنى،
كۆرمەي يۇما كۆزۈڭنى.
قارا ماڭا كۆز ئېچىپ،

ئاڭلا، مېنىڭ سۆزۈمنى!

جالام: (ئارانلا كالپۇك مىدىرلىتىپ) مودىنىم، چىن مودىنىم، دۈشمەنلەر قەست قىلدى، ئىككىمىزنى كۆرەلمىدى.

(تۇرسۇن، ھېيدىل، قىزلار ۋە باشقا ئىزلەشكە كەتكەنلەر بارات ئاكا بىلەن ھودۇقۇپ كىرىدۇ).

بارات: قىزىم، سەۋر قىل ئەمدى، ھەممىنى ئۇقتۇم، مۇناپىقلار شۇنداق قىلدى، كۆرەلمىدى، ساقىيىپ قالار، يىغلىما . . .

تۇرسۇن: تۇتتۇۋالدۇق، باغلاپ قويدۇق.

جالام: ئەل ــ ئاغىنىلەر، خوش، ھالىم خاراپ . . . مېنىڭ ــ مېنىڭ . . . مودەن گۈلۈم . . .

مودەن: ھە، مانا مەن، جالام . . .

ناخشا:

جالام: ئۆتتى قايغۇ ئارماندا،
راھەت كۆرمەي بۇ جانىم.
مېنى ھەرگىز ئۇنۇتما،
مودەنگۈل، مېھرىۋانىم.

(چۆچۈپ سەكرەپ كېتىدۇ. تۇرسۇن، ھېيدىل، مودەنلەر تۇتۇۋالىدۇ).

جالام: مەن بولالمىدىم، قېنى سەن، خەپ پەلەك، ئىسىت . . .

بارات: مۇناپىقلار، خەپ! (كۆزىگە ياش ئالىدۇ).

جالام: خوش ــ خوش (كۆزىنى مودەنگە يوغان ئېچىپ قاراپ، بىر ۋاقىتتىن كېيىن يۇمىدۇ).

مودەن: ئاھ! . . . (ھوشىدىن كېتىدۇ، يىغلايدۇ، بارات ۋە باشقىلارمۇ يىغلايدۇ، ھىن مودەن ئاھاڭىدا موزىكا ئوينىلىدۇ).

پەردە چۈشىدۇ

بەشىنچى پەردە

بىرىنچى كۆرۈنۈش

بارات ئاخۇننىڭ هويلىسى. كۈزمەزگىلى، چۈش ۋاقتى، بىر تەرەپتە قارىياغاچلىق، جالام ئۆلۈپ بىر يېرىم ئايدىن كېيىنكى ۋاقىت. هويلا بەكمۇ ساددىلاشقان، دەرەخلەر سارغايغان، گۈللەر قۇرۇشقا باشلىغان، ئاجايىپ بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك. پەردە ئېچىلغاندا بارات ئاكا ئۆي ئالدىدا چورۇق تىكىپ ئولتۇرغان هالدا ناخشا ئېيتىدۇ.

(ناخشا «گۈلۈمخان» ئاهاڭىدا):

خۇدايا، ئۆزەڭ مەدەت قىلغىن،
بولدۇم بىچارە.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
يۈرەك مىلىك پارە.

كېچە ــ كۈندۈز يىغلايمەن،
كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ نەم.
ئەزەلدىن تەلەيسىزمۇ،
بۇ مېنىڭ پىشانەم.

دۇنيادىن ئۆتەر بولدۇم،
بەختىم بولۇپ قارا.
پارچىلىنىپ يۈرىگىم،
بولدى مىلىك پارە.

ئەي خۇدا، ئۆزەڭ قۇدرەتلىك،
مەدەت قىلغايسەن.
بۇ شۇمپەلەك داۋاسىنى،
ئۆزەڭ قىلغايسەن.

(بارات ناخشىسىنى توختىتىپ تۇرۇشىغا تاشقىرىدىن تۇرسۇن يىراق سەپەردىن كەلگەندەك كىرىپ كېلىدۇ. تۇرسۇننى كۆرگەن بارات ئاكا ئاجايىپ بىر هاياجانلىق قىياپەتتە ئالدىغا بارىدۇ).

تۇرسۇن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بارات ئاكا.

بارات: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئامان كەلدىڭمۇ؟

تۇرسۇن: ئامان ــ ئېسەن، ئەھۋالىڭىز قانداق؟

بارات: ۋاپاسىز پەلەك دەستىدە مۇشۇ ھال! زالىم زامان بىزگە جاپا قىلدى!

تۇرسۇن: پۈتەر بۇ قارا زۇلمەت، كېلەر بىزگىمۇ راھەت. قېنى ئاكا، نېمە ئەھۋال؟ چىن مودەن قېنى؟

بارات: سورىما؟ (چوڭقۇر نەپەس بىلەن يىغلامسىراپ) خەۋرىڭ بار، جالام دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىگەن ئىشى زەھەر، كىيگەن كىيىمى كېچەن بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زالىملارنىڭ زۇلمى بىلەن قىزىم مودەن سۇلتان بەگكە مەجبۇرىي نىكا قىلىندى. ئەمما مودەن پۈتۈنلەي مەجنۇن بولغان سەۋەبلىك، ئاشۇ ساقايغىچە كۈتۈپ تۇرۇشقا سۆز بولغان، «ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دەپ ئۇنىڭ مەجنۇن بولۇپ قالغىنى يامان بولدى.

تۇرسۇن: (ھودۇقۇش بىلەن) قېنى مودەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق؟

بارات: (ئۆزىنى توختىتىۋالالمىغان ھالدا) ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ بولمايدۇ، بىر قىزىلگۈل ئىدى، سارغىيىپ سولاشتى، نېمە دەيسەن بۇ شۇم پەلەككە!

تۇرسۇن: ئاھ خۇدا، بىزگىلا بەردىڭمۇ بۇ خاپا ئالەمنى!

(بارات ئاكىغا تەسەللىي بېرىدۇ) ئۇ قانخورمۇ ئۆز جايىنى تاپتى (بارات ئاكا ئەجەپلىنىدۇ).

بارات: كىمنى دەيسەن ئوغلۇم؟

تۇرسۇن: غالجىر ئىت سۇلتان بەگنى!

بارات: ھە، ھە، نېمە بولدى؟

تۇرسۇن: (قونجىدىن پىچاقنى چىقىرىپ) مۇشۇ پىچاق بىلەن قارنىنى يېرىپ تاشلىدىم.

بارات: ھە، ھە، نېمە دېدىڭ، راستمۇ؟

تۇرسۇن: گۇناسىز جالامنىڭ ئىنتىقامى! جالام ئاق يوللۇق بولۇپ ئۆلدى، ئۇ بېھىش يۈزى كۆرىدۇ.سۇلتان توڭگۇز ئەلگە قىلغان يامانلىقى بىلەن چوقۇم دوزاققا كىرىدۇ.

بارات: قانداق قىلىپ جايلىدىڭ؟

تۇرسۇن: بايانلايدىن يېزىغا كەلگىنىمگە بىر ھەپتە توشتى. شۇڭغىچە بىلال ئاكىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم، چىدالمىدىم، ئىنتىقام، ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچتىم. ئاخىرى ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ، مۇرادىمغا يەتتىم. ئەمدى مەيلى، رازىمەن جېنىمدىن، دوستۇمغا ۋاپا قىلدىم، ۋاپادارلىقنى ئۆزەمگە ئادەت قىلدىم.

بارات: (ئاجايىپ رازىلىق قىياپەتتە تۇرسۇنغا يېقىنلىشىپ) ئۆلمە، ھەققە ۋاپا،

ئاپەتكە جاپا ــ ئوغۇل باللىنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ روھى يوقلىسۇن سېنى (سۆزنى تۈگەتمەيلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ. يىراقتىن مودەنگۇلنىڭ ناھايىتى مۇڭلۇق، ماتەملىك ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ. بۇلار ھەيرانلىقى بىلەن بۇ قايغۇ، مۇڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇشىغا ئاۋاز يېقىنلىشىدۇ. بۇلارنىڭ قىياپەتلىرى جىددىيلىشىدۇ).

(ناخشا «كۆرمۇگۆم» ئاھاڭىدا):

قېنى سەن زار بۇلبۇلۇم،
نەگە كەتتىڭ سۇمبۇلۇم؟
سەن ئىدىڭ مېنىڭ قىزىلگۈلۈم،
سولاشتىڭ، بولدۇڭ غازاڭ!

ئەتراپىم قاپ ــ قاراڭغۇ تۈن،
سۆڭەكلىرىم بولدى كۈكۈن.
سەنسىز ماڭا يوق يورۇق كۈن،
قايدا سەن، مېنىڭ جالام.

(مودەن ناخشىسىنى ئېيتا ــ ئېيتا سەھنىگە كىرىدۇ. چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆينەكلىرى يىرتىلغان، كۆزلىرى پۇرۇلگەن ــ يۈزلىرى سارغايغان، كۆزى ئوتلۇق ۋە غەزەپلىك، ئاتىسىنى كۆرمەي، ئۆيىگىمۇ كىرمەي، توپ ــ توغرا گۈللەر يېنىغا بارىدۇ ــ دە، سولاشقان بىر گۈلنى ئېلىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ.

مودەن: ئەي بىچارە بەختسىز گۈل، بۇلبۇلۇڭ قېنى، زىلۋا چېچىكىڭ، خوش باھارىڭ قېنى؟ ئاھ پەلەك، زالىم جاھان، سېنىمۇ قىلىپتۇ خازان، مەنمۇ سەرسان، ئاھ، قېنى سەن جالام؟ كەل بېرى، تۇت قولۇمنى، توختا، مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە (ئۆزىچە سۆزلەپ، ئۇيان ــ بۇيان قارايدۇ، لېكىن دادىسىغا قارىمايدۇ).

بارات: مودەن، مېنىڭ جان ــ جىگەر قىزىم (بۇ سۆز ئېيتىلا - ئېيتىلمايلا).

مودەن: ئاھ، قېنى سەن (ئاتىسىغا قاراپ يۈگۈرەيدۇ، لېكىن تۈيۈقسىز توختاپ، ئاتىسىنى سىنچىلاپ، كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن) ئەمەس، ئەمەس، ئۇ نەگە كەتتى؟ (يەنە ئۇيان ــ بۇيان قارايدۇ).

بارات: (مىسكىن ھالدا) قىزىم، مەن ئاتاڭ . . . مەن سېنىڭ داداڭ تونۇمىدىڭمۇ؟

مودەن: ئاھ دادا! مېنىڭ مېھرىبان دادام! ئۇ يوق، نەگە كەتتى؟

تۇرسۇن: (ئۆزىنى ئاران بېسىپ) سىڭلىم مودەن، ماڭا قاراڭ، جالام بار، ھېلى يېتىپ

كېلىدۇ.

مودەن: (ئالدىراش بۇرۇلۇپ) قېنى، قېنى جالالم؟ قاچان كېلىدۇ؟ ئاھ، ئالدايسىلەر، مەن بىر مەجنۇن، ئۇنىڭ دەردىدە بولدۇم زەبۇن، ئاھ . . .

بارات: (يىغلامسىراپ، ئىچىنىشلىق ھالدا تۇرسۇنغا قارايدۇ) قارا ئۇكا، مودەننىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇ، تاماق يېمەيدۇ، يە ئۇيقۇ يوق، يە سۆز قىلىش، قانداق قىلارمەن؟ ئاھ، زالىملارنىڭ دەردى، سۆڭەكتىن ئۆتتۈپ، جانغا يەتتى جانغا! ئاھ زالىم جاھان!

تۇرسۇن: (تەسەللى بېرىدۇ) سەۋر قىلىڭ، بارات ئاكا، ئۇنتۇلۇپ كېتەر بۇ كۆنلەر، دەرت ئۈستىگە دەرت، غەم ئۈستىگە غەم! (يېنە مودەنگە قاراپ) سىڭلىم، خوش خەۋەر، سۇلتان بەگ دېگەن توڭگۇز ئۆلدى!

مودەن: (مەجنۇنلۇق ھاياجان بىلەن) سۇلتان بەگ، زالىم بەگ ئۆلدى (مەجنۇنلارچە قاقاقلاپ كۈلىدۇ) تۇرسۇن ئاكا، ئەمسە يۈرۈڭ بىز جالامغا خەۋەر قىلايلى!

بارات: بولدى قىزىم، يۈر، ئۆيگە كىرەيلى، ھازىر ئۇ ئۆزى كېلىپ قالار.

مودەن: كېلىپ قالار، قېنى مەن كۆرەي جالامنى.

بارات: (يىغلامسىراپ) يۈر قىزىم ئۆيگە، دەم ئالغىن بىردەم. (يېقىن كېلىدۇ)

مودەن: ئاھ، گۈللەر، بۇلبۇللار قېنى، گۈلسۈم قېنى سەن؟ پوتا ئوينايمىز، قېنى سورۇن تۈزۈڭلار.

تۇرسۇن: (غەزەپ بىلەن) ئاھ ۋاپاسىز شۇم پەلەك، زالىمغا پۇرسەت بەردىڭغۇ، مۇشۇ ئاھ ــ پەرياد، نالىلارغا كىم جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋابالىغا كىم قالىدۇ، ئاھ، قارا تۈنلەر . . .

مودەن: بۇ ماڭا قاراپ سۆزلىگەن كىم؟ باغ باغلاشتا شۇنچە ئۇسساپ كەتتىڭىزما؟ سىزگە سۆيۈنچە دېگەن كىم؟ راستىنى ئېيتىڭ، نېمشقا ئۇسسىدىڭىز شۇنچە!

بارات: قىزىم، سەن بىئارام بولما، جالام ھازىر كېلىدۇ.

مودەن: دادا، سۆزىڭىز راستما؟ قېنى مەن يولغا قاراپ باقاي، ئۇ قايسى تەرەپتىن كېلىدىكىن؟ ئۇ كەلگىچە مەن ساقلاپ تۇرىمەن. (شۇ سۆزلەر بىلەن تەڭ سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ. يىراقتىن گويا بوران چىقىپ، چاقماق چاقىقاندەك دەھشەتلىك تۇس ئالىدۇ.)

بارات: (تۇرسۇنغا) پۈتۈن زالىم جاھان، ئاھ، پەلەك!

پەردە چۈشىدۇ

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقىت يېرىم كېچە، كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرىسىدىكى ئون نەچچە كۈنلۈك كۆتىرىلگەن، ئاندا ــ ساندا يۇلتۇزلار كۆرۈنىدۇ. ئەتراپ جىمجىت، بارات ئاكىنىڭ ئۆيىنىڭ نېرىسىدىكى زەراتكالىق، سەھنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بارات ئاكىنىڭ سوقما تاملىق يېرىزا ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەۋرە چەتلىرىدە ياش قارىياغاچ دەرەخلىرى كۆزنىڭ كېچىسىدىكى شامالدا لىڭشىغاندەك ھالەتتە تۇرىدۇ، پەردە ئېچىلىدۇ.

مودەن مەجنۇن قىياپەتتە، چاچلىرى چۇگۇلغان، كۆينەكلىرىنىڭ يەڭلىرى يۇقىرى ــ تۆرەن تۈرۈلگەن، بويىنغا ئاق روماللى قىڭغىر ياپقان ھالدا دەۋرازىدىن ئاستا چىقىپ كېلىدۇ، ئارىلاپ توختاپ، ئۇيان ــ بۇيان قارايدۇ، ئۆزىچە سۆزلەيدۇ.

مودەن: ھەي ئاي، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ھەمراھسىز ئىكەنسەن، ئەي بىچارە، ھالىمىز تەڭ، قېنى سېنىڭ جوراڭنى كىم ئېلىپ قاچتى، ھەي، جالام بولسىدى، ئايدىڭدا يوتا تاشلىشىپ ئوينىمايتتۇقمۇ؟ ياق، قىزلار كەلسۇن.
(قەۋرىستانغا قاراپ ماڭىدۇ)

ناخشا:

قەيەردىسەن زار بۇلبۇلۇم،
سۇلدى مېنىڭ قىزىل گۈلۈم.
بولدى مەجنۇن مېنىڭ كۆڭلۈم،
سېنى ئويلاپ ھەر زامان.

پەرياد چېكىپ، ئاھ ئېتەرمەن،
چۈشۈمدى سېنى كۆرەرمەن.
كېلەرسەن، يەنە كېتەرسەن،
كويۇڭدا بولدۇم سەرسان.

(ئاڭغىچە جالامنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ قالىدۇ ۋە قەبرىگە ئۆزىنى تاشلاپ قۇچاقلاپ) ئاھ مېنىڭ سۆيگەن يارىم، چىققىن، مەن بىلەن بول، تۇتىشايلى بىز مۇبارەك قول، ئېچىلسۇن مۇرادىمىزغا ئاق يول! سەن بىلەن بولاي ھەر قاچان (ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە قەبرىگە قارايدۇ ۋە كېيىن ئۇيان ــ بۇيانغا قاراپ) ئاھ جالام، نېمشقا چىقمايسەن، يە نېمشقا مېنى قوينۇڭغا

ئالمايسايسەن، مەن شۇنداق يۈرەيمۇ؟ ئاھ، تاغلار، تاشلار، ھەممىڭلار ئېيتىڭلار، يارىم چىقسۇن، يە مېنى بىللە ئېلىپ كەتسۇن، خۇدا، كۆرگىن ئۆزەڭ، ھە، مەن ساق، قېنى، جالام.

(مودەن ھۇشىغا كەلگەندەك ئەتراپقا قاراپ، ئاستا يەرگە ئولتۇرىدۇ، قەۋرىگە باش قويىدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە ئاق كېپەنگە ئورالغان ھالدا جالام كۆرۈنىدۇ ــ دە، مېڭىپ مودەننىڭ بېشىغا كېلىپ توختايدۇ، ھەرىكەتسىز بىرەر مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن قەبرە كەينىگە ئۆتۈشى بىلەنلا مودەن سەسكىنىپ، چاچراپ ئورنىدىن قوپىدۇ، شۇ مىنۇتتىلا ئەرۋاھمۇ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ).

مودەن: قېنى، قېنى سەن جالام! توختا مەن بۇ يەردە، توختا، بىز بىللە كېتەيلى، نېمىشقا قاچىسەن؟ يېنىپ كەل، نەگە كەتتىڭ، ھە، بىللە بولىمىز، ئەنە ئاۋۇ يەردە كەپە، يۈر ــ يۈر، قېنى سەن، توختا (ئۇيان ــ بۇيان ماڭىدۇ، ئاھ، دەپ يەرگە يىقىلىدۇ. بىر ــ ئىككى مىنۇت جىم بولۇپ قالىدۇ. مۇزىكا مۇڭلۇق ئوينىلىدۇ. يەنە ئاستىدىن ئورنىدىن قوپۇپ تۇرۇپ، ئولتۇرغان بويىچە ناخشا ئېيتىدۇ.)

ناخشا:

بىر كۆرۈنۈپ غايىپ بولدۇڭ،
مېنى يەنە يالغۇز قويدۇڭ.
ھىجران ئوتۇڭدا كۆيدۇم،
قېنى سەن ئاھ، جېنىم يارىم!

بۇلبۇلى يوق سولغان گۈلمەن،
تارىم جاھاندا يېتىم تۇلمەن.
ھەمرايىم يوق مىسكىن قۇلمەن،
قېنى سەن ئاھ، جېنىم يارىم.

سەنسىز ئالەم ماڭا تار بولدى،
يۈرەك ــ باغرىم قانغا تولدى.
گۈلۈم سولۇپ غازاڭ بولدى،
ئال قوينۇڭغا مېنى، يارىم!

(ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ــ بۇيان قاراپ) خوش ئاتا . . . خوش گۈلسۈم، خوش ئاكا، ھەممىگە خوش، خوش ئەي ۋاپاسىز ئالەم، خوش، ئەي زالىم زامان، ئاھ قېنى سەن، توختا، مەن باراي، خوش ئاي، خوش يۇلتۇزلار (ئۇيان ــ بۇيان يۈگۈرۈپ قەۋرىنى قۇچاقلاپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر نەرسە ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئاخىرى بويىندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن رومالنى كۆرۈپ قالىدۇ ــ دە، رومالنى ئېلىپ دەررۇ قارىياغاچقا باغلايدۇ). خوش ئەمسە، خوش ئاتا، نەدە سەن، مەن كەتتىم يارىم قېشىغا، مۇرادىمغا يەتتىم!

(ناخشا «چىن مودەن» ئاھاڭىدا):

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ھەرگىز ئايرىلماس بولغان.

سىڭىلىڭ جوراڭ، (بويىنغا سىرتماق سالىدۇ) خوش، خوش ئېتىزلىقلار، خوش مەن ئۆسكەن يېزا، خوش ئاتا! (ئېسىلىدۇ، سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ، دەھشەتلىك بوران كۆتىرىلىدۇ).

پەردە چۈشىدۇ

ئىزاھات:

لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ دىرامىسى ئىككى قېتىم يېزىلغان، دەسلەپكى نۇسخىسىدا چىن مودەن قومۇل ۋاڭىنىڭ قىزى قىلىپ ئېلىنغان. بىز توپلامغا كېيىنكى نۇسخىسنى ئالدۇق. بۇ نۇسخىسىنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى تېپىلمىدى، شۇڭا توختاخۇن ناسىر كۆچۈرۈۋالغان نۇسخا ئاساس قىلىندى. ــ تەھرىردىن.

زەڭگاڭ ــ پوست، قاراۋۇل.

# نەسرلەر

## ئۈنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق
(نەسر)

ئۇ ئەزەلدىنلا زور شىر ئىدى . . .

ئۈنىڭ شەرققە جايلاشقان ماكانى ئاجايىپ كەڭ بولۇپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قىزىل گۈلنىڭ يېڭى غولىدىكى يوپۇرماققا ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسى خىلمۇ ـ خىل ماكان ۋە ئۆزگە ئوخشاش گۈلىستانلىقلاردىن ئىبارەت. ئۈنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە كۆلىنىڭ ئىسسىقلىقىدا يېتىشىدىغان ھېسابسىز كۆپ مېۋىلەر ئۆسسە، شىمال تەرىپىدە كەڭ كەتكەن يايلاقلار، زور دەريالار، مەڭگۈلۈك ئاقۋاش تاغلار، ياز بەك ئاز بولىدىغان جايلار بار. ئۈنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدە ئۇچى ـ چېكى يوق تۇزلۇق سۇلار يىراقلاردىن بىر خىل ئالاھىدە سۈرئەت بىلەن دولقۇنلىنىپ كېلىپ، ئۈنىڭ ئىگىز ئالتۇن قىرغاق ـ يارلىرىنى سۆيەتتى.

شىر ئۆز ماكانىنىڭ كەڭلىكىگە بىر سۆيۈنسە، ئۈنىڭ ئىچىدىكى خىلمۇ ـ خىل تەبىئەت بايلىقلىرىنى كۆرۈپ مىڭ سۆيۈنەتتى، ئىگىز ئالماس تاغلىرىغا قاراپ لەززەتلىنەتتى؛ ماكانىنىڭ يۈرەك باغرىنى سۇغا قاندۇرۇپ، سالماق ئاققان دەريالىرىغا قاراپ پەخىرلىنەتتى، بۇلبۇللار قايىنمى، نازاكەت گۈلىستانى . . . لەتىپ چېچەكلەر بىلەن لىق تولغان باغرىغا قاراپ ئۆزىنى ئاللىقانداق يۈكسەك ھېس قىلار ۋە كۈرمىڭ خۇشاللىقلار بىلەن قىن ـ قېنىغا پاتماس ئىدى.

ئۈنىڭ يۈرىكى كەڭ ھاۋادىن ھوزۇرلىناتتى، ئۇ ئەتراپقا ـ يىراقلاردىن ئۈمىد كۆزىنى چوڭ ئېچىپ قارايتتى.

زور شىر كەڭ ماكانىمدىن ئادىشىپ قالماي دەپ بىرىنچى قېتىن كومپاسنى، ۋەتىنىگە يالماۋۇز ئەجدىھالارنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن مىلتىق دورىسىنى، ۋەتەن ئەۋلادلىرىمنى كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىققا باقاي دەپ يىپەك كىيىم ـ كېچەكلەرنى، ماكانىمنىڭ شان ـ شەرىپىنى تا ئەبەتكە ئۈنتۇلدۇرماي، ئەۋلادلىرىمغا ئەڭ بۈيۈك تارىخي تۆھپە قالدۇراي دەپ مىخ مەتبەنى، قەغەزنى كەشىپ قىلدى. بۇ مۇقەددەس كەشپىياتلار ئۈنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا خەلقىغە تەقدىم قىلىنغان باھاسىز كەشپىياتلار ئىدى. بۇ شەرقنىڭ كەشپىيات دەرياسى بەلكى ئۆز ۋاقتىدا بابىل ـ ئاسۇرىيە، يۇنان، رىمنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت كەشپىيات مەنبەسى بىلەن بەسلىشەتتى. بىزنىڭ بۇ شىرنىڭ كەشپىيات دەرياسى غەرىپنىڭ دەريالىرىغا قوشۇلدى، جاھان مەدەنىيتى، سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشتى. ئۈنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا نەمى مەغرۇر جاراڭلايدۇ.

ئۇ ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى جارى قىلىشتىن زادى قايتمىدى. قۇمۇشتىن توقۇلغان كەڭ،

دۈگىلەك قالپىغىنى كىيىپ، ئۇزۇن بامبۇك قومۇچىغا قاماق ئېسىپ، كېمىگە چۈشۈپ، دېڭىز بويلىرىدا ئۈزسە ياكى خۇاڭخې، ياڭزىجياڭ (چاڭجياڭ) نىڭ بويلىرىدا بېلىق تۇتۇپ يۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ باھار تويلىرىغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، غىجەك تارىنىڭ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ۋە جاسارەتلىك ئاھاڭى بىلەن تەبىئەتنى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇرۇپ، سوزۇپ چېلىۋەرسە، سەن ئۆزەڭنىڭ نەدە تۇرغانلىقىڭنى ئۇنتۇيسەن. بەش مىڭ يىللىق تارىخ سەھىپىسى ساڭا ۋاراق ئاچىدۇ. ئالدىڭدا رىيال ئۆتمۈشنىڭ سەھنىسى ئېچىلىدۇ، كۆز نۇرۇڭ يىراقلارغا ــ تارىخنىڭ بۇلۇڭ ــ پۇشقاقلىرىغا چېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى سۈرەتلىرىنى، ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرىنى تاماشا قىلىسەن. ياۋروپا مۇزېيلىرىنى لىق تولدۇرغان باي، تارىخىي بايلىقلىرىنى كۆرگىنىڭدە، سەندە پەخىرلىنىش پەيدا قىلىدۇ، چەكسىز خۇشاللىنىسەن. ئىجاتكار، سەنئەتكار ئاتا ــ بوۋاڭغا تۆگىمەس مىننەتدارلىق بىلدۈرىسەن ــ دە، قۇچىقىڭنى كېرىسەن. كۆزۈڭ يىراققا ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىڭگە چۈشىدۇ. بۈيۈك شەنخەيگۇەن، سەددىچىنلەرگە كۆز تاشلايسەن، تەسىرلىنىسەن. سېنىڭ خىيال ــ پىكرىڭدە ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق سوزۇلغان ئاجايىپ پۇختا تاش تام ئاددى بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ سېنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەۋلادلىرىڭنىڭ قان ــ گۆشلىرى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ھەيكەل . . . ئۇ سېنىڭ ئاتا ــ بوۋاڭنىڭ جاسارىتى، ئۇلۇك تاشلىرى ــ گۆش، ئۇنى بىر ــ بىرىگە تۇتاشتۇرغان ھاكلىرى ــ قان. ئۇ قان ۋە گۆش بىلەن مەھكەم ئۇستىھكام قۇرۇش يولىدا بىرگە ئۆتمۈشتىن ساۋاق، كەلگۈسىگە مەسلىھەت، بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قورغان قۇرۇش، ئۇنىڭغا دۈشمەن سوقۇلسا مىجىغىنى چىقىرىش، تارمار قىلىپ، كۆلىنى نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە سورۇش دېگەن تارىخىي كۆرسەتمىدەك سېزىلىدۇ.

يات «مېھمان» لار زور شىرنىڭ ماكانىغا كۆز تاشلايدۇ، جەننەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرى بىلەن قاماشتۇرىدۇ.

دەرۋازىنى بىرى ئۇرىدۇ.

ــ كىم ئۇ؟ ـ شىر قاتتىق ئاۋازى بىلەن ۋاقىرايدۇ.

ــ ئاچ، تولا سۆزلىمە، بىز «مېھمان»!

قىرغاقتا كېمىلەر ـ «مېھمان» كېمىلىرى توختىدى، تۇپراقنى «مېھمان» لار دەسسىدى.

شىر غەزەپلىنىپ، خۇاڭخېنىڭ بىر ساھىلىگەكېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى زور ئېچىلغان، تومۇرلىرى كۆپكەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان، چاچلىرى تىك تۇرغان، يۈرەك تېپىشى ئۆرلىگەن، مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلگەن ئىدى. قارا بۇلۇتلار بارغانسىرى كۆپەيدى، قار ــ يامغۇرلار ياغدى، ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلىدى، ئۆپچۆرىنى زۇلمەت باستى. قار ــ شىۋىرغانلار كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ، بوران تاشلارنى دۈگىلىتىدۇ . . . خۇاڭخې، ياڭزىجياڭغا سەل كەلدى، غەزەپلىنىپ يارلارغا ئۇرۇلدى. شىر ھاۋاغا باقتى، ئۇمىد يۇلتۇزى بىر يوقىلار، بىر كۆرۈنەر، بىر ھىجرىيار ۋە بىر كۆلەر ئىدى. ئۇ ھاردى، ئاخىر دەم ئېلىش ئۈچۈن يانپاشلاپ ياتتى. دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە چوڭ پۇتلىرىنى ئۇزاتتى. كىملەردۇر ئويغاق، كىملەردۇر

ئۇيقۇدا . . . شۇنداق قارا يىللار ئۆتتى، قارا بۇلۇتلار قوينىدا كۆرۈنگەن شام چىراغلار بىر خىل يانار، ئۈمىد يۇلتۇزى بورانلار ھۇۋلىشىغا قارىماي نۇر چاچار ئىدى . . .

يېڭى بويۇنتۇرۇقلار تاراقلايتتى، زەنجىرلەر شاراقلايتتى. تاغ ـ جاڭگاللارنىڭ، تاغ ـ بوستانلارنىڭ، شۇنچە گۈزەل ئانا ماكانىڭنىڭ ھوزۇرىنى كۆرەلمىسەڭ، يات «مېھمان» ئەلچىلىرى ساڭا خالىغانچە ھۆكۈم قىلسا، جەۋرى ـ زۇلۇم قىلسا، ئەسكەر نۆكەرلىرىنى تۇرغۇزۇپ ھەر ئىشقا نازارەتچىلىك قىلىپ غادىيىپ تۇرسا، ئىچكى دەريا ـ دېڭىزلىرىڭدا ئۆز كېمە ـ پاراخوتلىرىڭ ئەركىن يۈرەلمىسە، چاقىرىلمىغان «مېھمان» لار سېنىڭ سۆيۈڭدە كېزىپ يۈرسە، ئاتا ـ بوۋاڭ ئەسىرلەردىن بېرى ساڭا قالدۇرۇپ كەلگەن تۇپرىغىڭنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىساڭ، بۇ قانداق ئىش؟ دەپ زور شىر بارلىق كۈچى بىلەن سىلكىندى . . . ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا قاراڭغۇلۇقنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. بۇ دائىرىنى سۇلالىلار ئۇرۇغى، كونا خانلار (چىڭ خاندانلىقى) تېخىمۇ چوڭايتتى . . .

ۋاقىت يەتتى، قارغۇلۇقنىڭ خوراپات تۈگمىنىگە ئوت قويۇلدى چىڭ خاندانلىقىنىڭ تەختىگە يانار تاغلارنىڭ ئۇچقۇنلىرى تۇتىشىپ، ئۇچقۇنلار يانقۇنلارغا ئايلاندى. خانىنىڭ تەختى ـ بەختى كۈكۈم كۈل بولدى . . . ئىنقىلاب داھىسى بۈيۈك ئادەم قاراڭغۇلۇقنى يورۇتتى. شىر سۇنماس، خورىماس كۈچكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى يۈزىنى ئېچىپ، تەنەززۇللىنىش مەنزىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇمتۇلدى، كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك قاراشقا باشلىدى، ئىنقىلاب داھىيسى ئۇنىڭغا دۇنيادا ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۈرەشىشكە ئۆگەتتى.

يىللار ئۆتتى. بوۋاي پۈتۈن خىيال ـ پىكرىنى قالدۇرۇپ، ئويغانماس ئۇيقۇغا كەتتى. خائىنلار باش كۆتەردى، يات «مېھمان» لار ئالدىدا تىز چۆكۈشكە باشلىدى. چوڭ شىر شۇندىمۇ دەرمان يىغىپ، ئۆزىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت سېزىپ تۇرغان بىر مەزگىلدە ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قاقشال ئارالغا ئۇمتۇلدى. ئوتتۇز مىليون شىر ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ تىكەنىك پۇتى ئاستىدا قالدى. بۇ، خورلۇق ۋە نومۇس ئىدى، بۇ، ئەزىز تەندىن بىر پارچە گۆشنىڭ كېسىلىشى ئىدى. پاكار قانخور بۇنىڭ بىلەن توختىمىدى، چوڭ كۆۋرۈك لۇگۇچياۋدا يەنە بىردىنلا ئوت ئاچتى، زەھەر ـ ئۆلۈم چاچتى. شىر ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۆزىدە تاغدەك كۈچ سېزىپ، پولاتتەك مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، كۈرەش ئۈچۈن تومۇر قەسەم بەرگەندە، پاكار ئەجدىھا ئۇنىڭغا چىۋىندەك كۆرۈندى.

دۈشمەن ئۆزىنىڭ چىۋىن جېنى بىلەن تاغ كۆتەرمەكچى بولدى، دۈشمەن ئىلان گەۋدىسى بىلەن پىل يۇتماقچى بولدى. ئاخىرىنى ئويلىمىدى. زور شىر كۈرەشكە قوزغالدى. دۈشمەننىڭ پىلانلىرى كەينى ـ كەينىدىن تارمار قىلىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دۈشمەنگە نەپرەت، سۆزلىرى قانخورلارغا لەنەت چاچتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىرى ئادەمگەرچىلىكنى ياقلاش، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ پارلاق تارىخىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك شان ـ شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ داۋام قىلدۇرۇش ئىدى.

ئۇ بورانلارغا توزدى، يامغۇردەك ياققان ئوقلارغا كۆكرەك كەردى. مليونلىغان ئېغىر زەمبرەكلەرنىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلەشلىرىگە چىداشلىق بەردى. ھىلە _ مكىرلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى خەلقى ئالەمنى قايىل قىلدى . . . زور شرنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلدى. كۆرەش قوينىدا مۇشەققەت ۋە قان _ جان بىلەن ئېيتىشىپ، ئۇ داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ كىيىمى گاڭ _ چۆيۈندىن ئىدى.

ئۇ دۇنياغا مەشھۇر پايتەخت مۇنبىرىدە ۋارقىرايتتى:

_ ئازادلىق ئۈچۈن مالال يەتكۈزگەن يۈز يىللىق ئاسارەت يوقالسۇن! چېتىقلار بىكار قىلىنسۇن! كىشەنلەر ئۈزۈلسۇن! ھەي بۈيۈك شىر! سەن كۆرەش بىلەن ئۆزەڭنى تونۇتتۇڭ، دۇنيا ئالدىدا ئورنۇڭنى كۆتەردىڭ. ئازادلىق، بەخت _ سائادەت ئۈچۈن چېلىشىشنىڭ ئاۋانگارتى ۋە دۇنيادا ئۇلۇغ ئەلنىڭ بىرى بولدۇڭ. ساڭا شان _ شەرەپ بولسۇن! يەنىمۇ زور غەيرەت، سۈرئەت بىلەن نۇمۇسڭنى ئاقلا! . . .

بۇ ئاۋازلار يىراقلارغا جاراڭلاپ كەتتى. دۇنيانى بەخت _ سائادەت، نازاكەت گۈلىستانى قىلىشنى ئويلىغان ھەر بىر ئادەم بۇ ئاۋازنى جان _ جىگىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

شىر ئۈچۈن كۆرەش تېخى تۈگىمىدى.

1943 _ يىل ئۈرۈمچى.

# «پادىشا سامورايلىرى» ئېغىر ھالسىرايدۇ

(فېلىيەتون)

ياپۇن «پادىشائەسكەرلىرى» نى باسقان زور سوقۇش پاراخودى ئۇلۇغ ئوكيان فرونتىنىڭ ئالدىنقى لىنىيلىرىگە قاراپ كېتىپ بارىدۇ. تۇن قاراڭغۇ، دېڭىز دولقۇنلۇق . . . پاراخوتتىكى 15 ياشلىق ئەسكەر يېنىدىكى 70 ياشلىق قېرى دې بوۋايدىن سوراپ قالدى:

ــ ئاكا، نېمىشقا بىزنىڭ بايرىغىمىزنىڭ بەلگىسى قىزىل ھەم دۈگىلەك؟

ــ سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىلمەيدىغان ئوخشايسەن؟

ــ مەن كىتاب ئوقۇشنىمۇ بىلمەيمەن، ـ دېدى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قېرى، ـ شۇنداق بولسىمۇ پەرەز قىلىمەنكى، ئۇنىڭ قېپ ــ قىزىل بولۇشى قان بولۇپ، دۈگىلەك بولۇشى داغ، يەنى قىزىل داغ دېگەن سۆزمىكىن دەيمەن.

ــ ئەمىسە، بىزنىڭ لىيەننىڭ سىياسى رەھبىرى بىزگە «ئۇنۇرنى چىپچىپ تۇرغان قىزىل كۇن» دەپ چۈشەندۈردىغۇ؟

ــ بەكى قىزىل قان چاچىدىغان دۈگىلەك كۇندۇر. مەن تۇغۇلۇپ بۇ يېشىمغا كەپتىمەن، بۇ بايراقنىڭ ئۇرۇش ھەم قان چاچقىنىنى كۆردۈم، نۇر چاچقىنى يادىمدا يوق، ـ دېدى قېرى ئۇنىڭ سىكرىنى كېسىپ.

ــ مۇنداق دەڭ!

ــ مېنىڭچە، شۇنداق . . . يەنە قانداق نېمىلىرىڭ بار، سورا!

قېرى ماختانغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. خىيالى باشقا نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەن ياش ئەسكەرنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئايانچ كۆرۈندى.

ــ ئۇ، قىزىل داغ بولسا، بىر بالا ــ قازا دېگىن ئەمىسە؟ ـ يەنە بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويدى ياش ئەسكەر.

ــ بۇ، توغرا ئەمەس، بالا بىلەن قازا بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ــ بىزنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانغا سوقۇشقا كېتىپ بېرىشىمىز بالا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ــ ھە، قازاچۇ؟

ــ ئەگەردە جۇڭگو فرونتىغا سوقۇشقا ماڭساق، بۇ قازا بولىدۇ.

ــ ھە، ھەر ئىككىسى بىر قوشۇلسىچۇ؟

ــ بالا بىلەن قازا قوشۇلسا نېمە بولاتتى، ئىشنىڭ كارى تامام، ۋەسسالام.

كىچىك ئەسكەرنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئالدىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك بولدى. تەرىنى تۆرۈپ يەنە سورىدى:

ــ ئىككىسى قوشۇلسا گۆم بولسەن دېگىن؟

ــ گۆم بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، مىجىغىلىك چىقىپ قۇم بولىسەن.

بۇلارنىڭ يىنىدا ئولتۇرغان ھەممە پادىشا ئەسكەرلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر ـ بىرىگە مەيۈسلۈك بىلەن قاراشتى. دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى يىراقلاردىن دولقۇنلىنىپ كېلىپ، قەھرى بىلەن پاراخوتنى ئۈزاتتى.

1942 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئەجەل ھودۇقۇشىدا

(فېلىيەتۇن)

«مۇسسۇلىنى گېنېراللىرىگە زىيىنىڭ ھەممىسىنى، ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئىتالىيىنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىلىق قەتئى تەلەپ قويغان. مۇسسۇلىنىنىڭ بۇ تەلىۋى گېنېراللىرىنىڭ ئومومى بۆلۈمىنى ھەيران قالدۇرغان.»

(گېزىت خەۋىرى)

نېئاپولدىن بىنىتو موسسۇلىنى ئۆلە _ تىرىلىشىگە باقماستىن «رىم، نەدە سەن؟» دەپ سېمىز قوسىغىدا توختىمىغان ئىشتىنىنى كۆتەرگەن پېتى ۋاقىراپ چاپتى.

_ ۋاي خالايىق، ئوتتۇرا دېڭىز كۆيۈۋاتىدۇ!

_ ھە، نېمە بولدى؟

_ ئوتتۇرا دېڭىزغا ئوت كەتتى! . . .

مۇسسۇلىنى ئارقىسىغا قاراپ _ قاراپ قوياتتى. ئۇ، بونا ئاراللىرىدا، بىزېرتا چوققىلىرىدا توپلارنىڭ ئاسماننى تىترىتىپ، قارا ئىس _ تۈتەكلەرنى ئەرش _ ئەلاغا كۆتىرىپ ھەيۋەت بىلەن ئېتىشلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالدىراپ چاپتى، ھېرىپ بارغان بويىچە گېنېراللىرىنىڭ قوينىغا ئېتىلدى. مۇسسۇلىنى ئەركىلەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، گېنېرال ئۇنى پەپىلەپ بەزلەشكە باشلىدى:

_ مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، ئىتالىيە تىررىن دېڭىزى ۋە ئادرىياتىك دېڭىزىدا خۇددى بىر ئۆتۈكنى سۇغا چىلاپ قويغاندەك يەر تۇرسا، ئۇنىڭغا ئوت تۇتىشىپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

_ ئەخمەق ئىكەنسەن، - دېدى گېنېرال، - ئۆتۈككە ئوخشىغان ئاراللىرىنىمۇ غەم قىلامسەن؟

_ ئەمسە قانداق قىلىمەن؟

_ مەن كىيىۋالىمەن، تامام!

_ ئۇنى كىيىشكە بولمايدۇ!

_ نېمىشقا؟

_ ئۇنىڭ سىجىلىيە دېگەن چەمى ئاجراپ كەتكەن.

_ كىيسەم نېمە بولىدۇ؟

_ پۇتۇڭغا ئوت تۇتىشىدۇ، پۇتى كۆيگەن توخۇ ماڭالمايدۇ.

بۇلار كۆپ تالاشتىن كېيىن ئايرىلدى. گېنېرال يولىغا راۋان بولدى. مۇسۇلىنى ئۆز ئوردىسىغا گالاجىئانى، كافىلو، دافىنو، كاۋىكالىئا نامىلىق مارشاللارنى يىغىپ، ئىتالىيىنى «قۇتقۇزىدىغان» باش ھەربىي ئىشلار ئۆمىگى تەشكىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ئائىت

نەرسلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ كەتتى.

ــ سەن، كافلو، يۇگوسلاۋىيىنىڭ جۇغراپىيە ئەھۋالى بىلەن تونۇشامسەن؟

ــ نېمىشقا تونۇشمايمەن! يۇگوسلاۋىيە ــ تاغلىق رايون، يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرى بىر تاغنىڭ ئىچىگە سولۇۋېلىپ، مېنىڭ ئاكامنىڭ پۈتۈن بىر دىۋىزىيىسىنى قىرىپ تاشلىغان.

ــ يامان ئەمەس، مېنىڭ دادامنى گرېكلەر ئافىنا غارىدىن دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن!

ــ سەن كاۋىلكالىئا، جەنۇب تەرەپتە خېلى بولغانمۇ؟ قانداق،ئۇ تەرەپلەر بىلەن چىقىشالامسەن؟

ــ 5 ــ كۆنىدىكىدەك، ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلىمىسا، نىگرلارنى قاخشىتىپ ئوينىاش كۆڭۈللۈك ئىدى.

ــ گاۋجىئانى، سەن رۇمىنىيىدە، روسيە جەڭ مەيدانلىرىدا بولدۇڭ، روسلاردىن ئەسىر ئېلىپ باقتىڭمۇ؟

ــ ھە، ئەلۋەتتە، سەن رۇسلارنى تۇتۇۋالغىنىڭ بىلەن ئۇلار سېنى قويۇپ بەرمەيدىكەن.

مارشال كاۋىكالىئا سۆزگە ئارىلىشىپ قالدى.

ــ بىز ئافرىقىدىن قاچقاندا، قورققانغا قوش كۆرۈنۈپ، ئافرىقا چۆللىرىدە ئۆسىدىغان ئادەمگە ئوخشايدىغان كاكتوس ئۆسۈملۈكىگە چاس بەرگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ــ ئەمىسە، ئىتالىيىدىن تېچ يەر يوق دېگىنە؟ ـ دەپ سورىدى بىرى.

ــ گىتلېر كىيىۋالمەن دەيدىغۇ؟

ــ مانا بۇ مۇتلەق قاملاشمايدۇ!

ــ نېمىسى قاملاشمايدۇ!

ــ ئۆتۈكنى قۇرۇق كىيسە پۇتنى غاجايدۇ، ئۇنىڭغا بىر نېمە ئوراش كېرەك.

ــ بىزنى ئورايدىكەن ــ دە! . . .

ــ ئۇلۇغ رىمغا شۆكۈر! . . .

ــ مۇسسولىنىگە شۆكۈر دە، ئەخمەق! . . .

ــ ئۇ ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟

ــ ئاندىن ئىمپېرىيىگە شۆكۈر دېسەڭ بولىدۇ . . .

ــ ئۇقماپتۇق . . .

مۇسسولىنى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە مانا مۇنداق ئىش كۆردى:مانا، نېئاپول ئۈستىدە نەچچە مىڭلىغان ئىتتىپاقچىلار ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ. مانا، بومبىلار ياغدۇردى، مانا، كۆچلۈك پارتىلاشلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مانا، ئوتتۇرا دېڭىزغا پاراخوت توشقان . . . ئەنە، ئەسكەرلەر قىرغاققا دەسسىدى، مانا، ئوردىنىڭ زور بىناسى ئۆرۈلۈپ كەتتى . . .

مۇسسولىنى قورقۇپ:

ــ ۋاي ھىبتەك (گىتلېر)! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ــ ۋالاقلىماي جىم يات! ــ دېدى گىتلېر بوغۇق، سەت ئاۋازى بىلەن.

ئىككىسى بىر ــ بىرىگە سوغۇق يات ئادەملەردەك مايتارتىشىپ قارىشىپ، خورازلاردەك بازغىشىپ، ئوتتۇرا دېڭىز تەرەپتىكى دەرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا، مۇزلىغاندەك غوللىرىنى چىقىرىپ، ھودۇقۇپ گاڭگىراشتى. گىتلېر ئاستاغىنا دېدى:

ــ ھۆكۈمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاققا پاتتى، بىر چاقى شەرقتە، يەنە بىر چاقى غەرپتە . . .

ــ پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقمۇ سۇندى . . .

ــ «ئوق سۇندى»!

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئالاق ــ جالاق بولۇپ كەتتى.

1942 ـ يىل 28 ـ ماي ، ئۈرۈمچى

# ماقالىلەر

## ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ①

### ئەدەبىيات توغرىسىدا ماركس ۋە ئېنگېلس

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى قانۇنىيەتلىرىنى دۇرۇس چۈشىنىش يوللىرىنى ئاچقان ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئەدەبىياتنى توغرا ئۆگىنىش ۋە بىلىش يوللىرىنىمۇ بىزگە ئۆگەتتى.

ماركس ۋە ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ ئەسەر ۋە ماقالىلىرىدا، ئۆز ئارا يېزىشقان خەتلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ ئۆسۈش تارىخىنى كۆرسەتكەندەك، ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق چۈشىنىش، قانداق ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنىمۇ بىزگە كۆرسىتىپ بەردى. ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى قاراشلىرى مېھنەتكەشلەر ئالدىدا تۇرغان بۈيۈك مەسىلىلەر بىلەن، مېھنەتكەشلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن مەھكەم باغلانغاندۇر.

ئۇلار بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە ئەدەبىيات _ سەنئەتنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شارائىتنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، بۇرژۇئا سىنىپى ئۈستۈنلۈك ئورۇندا تۇرغان بۇ جەمئىيەتتە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىمۇ، ئەدەبىياتىمۇ شۇ سىنىپقا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇرژۇئازىيە يازغۇچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرىگە جازانىخورلۇق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات بىلەن كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ _ قارشىلىقنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىدىغانلىقىنى؛ يالغۇز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىلا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مەزمۇن بايلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى رۇشەنلەشتۈرۈپ بەردى.

ماركس ۋە ئېنگېلس مېھنەتكەشلەرنىڭ ئومومىي ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، مېھنەتكەشلەر مەدەنىيىتىنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشكۈچى يازغۇچى سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى ئىشەندۈرەرلىك قىلىپ ھەم ئىنقىلابىي چوڭقۇرلۇق بىلەن تەسۋىرلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ماركس ۋە ئېنگېلس ئەدەبىياتنى ئىقتىسادقا، سىنىپىي كۆرەشكە، ئىنسانىيەتنىڭ ماددى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە باغلاپ ھەم تەدبىقلاپ ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدۇ، ھەر بىر ئەسەرنىڭ بەلگىلىك بىر سىنىپنىڭ كۆز قارىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ

بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماركىس ھەم ئېنگېلىس جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرنى، مۇناسىۋەتلەرنى ئەدەبىياتتا توغرا، رېئال رەۋىشتە كۆرسىتىشنى مەركىزىي مەسىلە قىلىپ قويىدۇ. ماركىس XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى فرانسۇز يازغۇچىسى بالزاك ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتىنى ئاپتورنىڭ رېئال تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىدىن دەپ باھالايدۇ.

ئېنگېلىس رېئالىست يازغۇچىلار ئالدىدا تۇرغان ۋەزىپىلەرنى كۆرسىتىپ، رېئالىست يازغۇچى دېتاللارنى دۇرۇس كۆرسىتىشتىن باشقا تىپىك خاراكتېرنى تىپىك ھاللاردا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆمتۈلۈشى كېرەك، دەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەققەتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تىپىك دېتاللار بىلەن توغرا كۆرسىتىپ بېرىشىمىز ھەم تىپىك ھاللارغا باغلاپ تەسۋىرلىشىمىز كېرەك.

## ئەدەبىيات توغرىسىدا لېنىن ۋە ستالىن

لېنىن ۋە ستالىن مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى ھەر ۋاقىت مېھنەتكەشلەر سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشىگە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتىغا، كىشلەرنىڭ ماددى تۇرمۇشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە باغلاپ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. لېنىن بىلەن ستالىن ماركىس نەزەرىيىسى ئاساسىدا يېڭى شارائىتتا، سىنىپىي كۆرەشنىڭ يېڭى شارائىتى . . . (گېزىت يىرتىلىپ كەتكەن)

## ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟

(گېزىت يىرتىلىپ كەتكەچكە ماقالىنىڭ باش قىسمى يوق)

. . . بەدىئىي ئەسەرلەردە ئوبيېكتىپ ئەھۋالدىن ئېلىنغان تۇرمۇش كارتىنىلىرى، خاراكتېرلار، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەجرىبىسى، تەسىراتى، ئوي ــ خىيالى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئەسەر تۇغدۇرۇشتىكى ئاساسىي ماتېرىيالى كارتىنىلىق تىلدۇر، بەدىئىي ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە، مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىيات ئوقۇغۇچىلارغا بىرەر تۈرلۈك بىلىم بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان پەننى ئەسەرلەردىن ئايرىلىدۇ.

پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ئايرىمىسى توغرىسىدا مەشھۇر روس تەنقىدچىسى ۋ. گ. بېلىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «سىياسىي ئىقتىساد جەمئىيەتتە پالانى سىنىپنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپ دەرىجىدە ياخشىلاندى ياكى يامانلاشتى دېگەننى ستاتىستىكىلىق سانلار ۋاستىسى بىلەن ئىسپات قىلىپ، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شائىر بولسا، جەمئىيەتتە پالانى سىنىپنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ياكى

مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپ دەرىجىدە ياخشىلاندى يامانلاشتى دېگەننى، رېئاللىقنىڭ جانلىق، رۇشەن تەسۋىرى ئارقىلىق ئىشەنچلىك كارتىنىلاردا كۆرستىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ فانتازىيىسىگە تەسىر قىلىدۇ. بىرسى ئىسپات قىلىدۇ، ئىككىنچىسى كۆرستىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئىككىلىسىمۇ ئىشەندۈرىدۇ.»

دېمەك، پەننى ئەسەر تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىغا چۈشەنچە بەرسە، ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ ھەم كۆرستىدۇ شۇڭلاشقا بەدىئىي ئەدەبىيات تۇرمۇش توغرىسىدا نەزەرىيىلىك چۈشەنچە بېرىش ۋە ئىسپات قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئايرىم دەۋردىكى كىشىلەر ھەم تۇرمۇش بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بىز ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇپ تۇرمۇشنىڭ ئۇ ياكى بۇ تەرىپىنىلا بىلىپ قالمايمىز، بەلكى قەھرىمانلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ۋەقەلەرنىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنىمۇ بايقايمىز، شادلىنىمىز، قايغۇرىمىز، ئاچچىقلىنىمىز ياكى يېقىملىق، مېھرىبانلىق كۆرستىمىز.

بەدىئىي ئەسەرلەردىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ئوچۇق كۆرۈش ئۈچۈن بىر مىسال ئېلىپ تەكشۈرۈپ باقايلى: دۇنيا مېھنەتكەشلىرىنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى ماكسىم گوركى ئۆزىنىڭ «ئانا» رومانىدا 1905 _ يىل ئىنقىلابىي ئالدىدىكى ئىشچىلار مەھەللىسىنى ۋە شۇ يەردىكى ئىنقىلابىي ۋەقەلەرنى ھەمدە بۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەرنى كۆرستىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قويىدۇ. ياش ئىشچى پاۋىل ۋىلاسوۋ ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقە قىلدۇ، ئىنقىلابىي ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇ كىتابنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلايدۇ، ئۆز ئۆيىدە مەجلىسلەر ئۆتكۈزىدۇ، پاۋىلنىڭ ئانىسى دەسلەپ ئۆيىگە كېلىپ يۈرگەن ئوغلىنىڭ يولداشلىرىغا، شۇ جۈملىدىن ئوغلىنىڭ ئىنقىلابىي قاراشلىرىغا قورقۇپ، چەتلەپ قارايدۇ. كېيىن ئانا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتكە كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى، نېمە ئۈچۈن، قانداق مەقسەتلەر بىلەن يۈرگەنلىكىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلايدۇ ھەم ئۆزىمۇ شۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

گوركى بۇ رومانىدا ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەركەتلىرىگە باغلانغان خېلى نۇرغۇن كارتىنىلارنى بېرىدۇ. بىر چاغدا زاۋۇتنى ئىدارە قىلغۇچىلار ساسلىقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ مېھنەت ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلىدۇ، ئىشچىلار بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. پاۋىل ئىشچىلارغا بۇ ئىشنى قىلغۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەم بۇ ئىشتا ئۆزى باشلىغۇچى ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پاۋىل قاماققا ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى پىلاگىيە نىلوۋنا ئوغلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە تېخىمۇ قىزغىن قاتنىشىدۇ، ئىنقىلابىي ۋەرەقىلەرنى زاۋۇتقا ئاپىرىپ ئىشچىلارغا ئۆزى تارقىتىدۇ. پاۋىل تۈرمىدىن چىقىرىلىدۇ، بىرىنچى ماي كۈنىدە . . . (گېزىت بۇ يەردىن يېرىم ستون يىرتىلىپ كەتكەن).

_ ياشىسۇن ئىشچى خەلق! _ دەپ ۋارقىرايدۇ پاۋىل. يۈزلەرچە ئاۋاز ئۇنىڭغا گۈلدۈرلەپ

جاۋاب بېرىدۇ.

تارىخچى ئۇ دەۋردە بولغان نامايىشلار ھەم ئۇنىڭغا قاتناشقان ئادەملەر توغرىسىدا ئومومىي چۈشەنچە ھەم باھا بەرگەن ھالدا، پالانى يىلى كۈزدە نامايىش بولدى. پالانى كىشى قاتناشتى ۋەھاكازا . . . . . دەپلا قويار ئىدى. بىز «ئانا» رومانىنى ئوقۇغاندا، ئىشچىلارنىڭ پۈتۈن ھەركەتلىرىنى، مەقسەتلىرىنى جانلىق رەۋىشتە ئۇلارنىڭ تىلەك، كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. بىز روماندا كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى، خۇي — قىلىقلىرىنى، ئادەتلىرىنى، ئوي — پىكىرلىرىنى، ئىچكى مۇڭلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ قانداق تەرىزدە سۆزلەشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىشچىلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى، كۈن كەچۈرۈشلىرى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىدۇ. خىلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىلوۋنانىڭمۇ جانلىق، چىرايلىق ئورازى گەۋدىلىنىدۇ. ئاۋۋال ئۆي خوجۇلۇق ئىشلىرىنىڭ غېمىدە ئېغىر تۇرمۇش يۈكى ئاستىدا ئېزىلگەن ئانىنىڭ ئىنقىلابىي ئېڭىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆسكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئاڭلىق ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىشى چوڭقۇر، ئىشەندۈرەرلىك ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ، روماندىكى ۋەقە، كۆرۈنۈشلەر، كىشىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى تولۇق جانلىق گەۋدىلىنىدۇ، بەدىئىي ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەنە شۇ يەردىدۇر.

## بەدىئىي ئەسەردە تىپىكلىك

يازغۇچى تۇرمۇشنى ۋە كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆزىگە مەلۇم بولغان ۋەقە، پاكىتلارنى فوتوگىراپىك رەۋىشتە ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويمايدۇ؛ ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى ئۆز دەۋرى مەنپەئىتىنىڭ دۇنيا قارىشى مەيدانىدا، مەلۇم بىر ئىدىئولوگىيە پرىنسىپلىرى ئاساسىدا سۈرەتلەيدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشتا ئايرىم بىر ۋەقەنى، ھادىسىنى، كىشىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، شۇ ۋەقە، شۇ ھادىسە ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ئايرىم بىر قاتلامغا، بىر گورۇھ كىشىلەرگە ھەم ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەڭ ئورتاق بولغان تەرەپلەرنى ئېلىشقا ئۇرىنىدۇ. ئوقۇغۇچى ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش بىلەن كىشىلەر ھەم ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان موھىت ھەققىدە يازغۇچى ئۆز كۆز قارىشىنى مەلۇم بىر قاتلامغا سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى بايقىۋالالايدۇ. جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر تەرىپى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىشى، ئوي — تۇيغۇسىنى ئىشەندۈرەرلىك ھالدا توغرا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەشنى ماقۇللايدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردە تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى ھەم كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى مۇشۇ كۆرسىتىلگەن فورمىدا سايلاپ تەسۋىرلىشىنى تىپىكلىك ياكى تىپىكلەش دەپ ئاتايمىز. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى تىپ بولىدۇ، بۇ توغرىدا ماكسىم گوركى مۇنداق دەيدۇ: «بىر دانە خىشتىن بىر پۈتۈن ئۆي سالغىلى بولمىغاندەك، بىرلا پاكىتنى

تەسۋىرلەش بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تېپىك ياكى بەدىئىي ھادىسىنىڭ خاراكتېرىنى توغرا كۆرسەتكىلى بولمايدۇ» ، «سۆز سەنئىتى، خاراكتېرلار ۋە تىپ يارىتىش سەنئىتى تەسەۋۋۇر قىلىشنى، تەخمىن قىلىشنى، ئويلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى ئۆزىگە تونۇش بولغان دۇكاندارنى، ئەمەلدارنى، ئىشچىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر ئادەمنىڭ ياخشىمۇ، يامانمۇ، ئىشقىلىپ بىر سۈرىتىنى يارىتىدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان بۇ بىرلا سۈرەت بىزنىڭ ئادەم، ھايات ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېچنەرسە بېرەلمەيدۇ. ئەگەر يازغۇچى ھەر 20، 50، 100 دۇكانداردىن، ئەمەلداردىن، ئىشچىدىن ئەڭ خاراكتېرلىك سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەرنى، ئادەتلەرنى، دىتلارنى، ھەرىكەتنى، ئىتقادنى، سۆزلەش خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تاللىۋالالىسا ۋە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بىر دۇكاندارغا، بىر ئەمەلدارغا، بىر ئىشچىغا بىرلەشتۈرسە ھەم شۇ ئۇسسۇل بىلەن تىپ ياراتسا، بۇ، سەنئەت بولىدۇ» (م. گوركى: «مەن يېزىشنى قانداق ئۆگەندىم»)

بىز ئادەملەردە سۆزلىشىش، خۇلۇقلىنىش، ئادەت، ئىشەنچ، ئىشچانلىق تەرەپلەردە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. «شۇڭا يازغۇچىنىڭ، ـ دەيدۇ گوركى، ـ شۇ سۈپەتلەردىن خالىغانلىرىنى ئېلىپ چوڭقۇرلىتىشىغا، كېڭەيتىشىگە، ئۇنىڭغا ئۆتكۈرلۈك، ئوچۇقلۇق بېرىشكە، بۇ ياكى ئۇ پېكىرنىڭ ئاساسىي بەلگىلىگۈچى رولى قىلىپ ئىشلەشكە ھەققى بار.»

دېمەك، تىپ ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى ئوموملاشتۇرۇش، پۈتۈن بىر توپ كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى بىر ئىندىۋىدىئال ئوبرازغا بىرلەشتۈرۈشتۇر. يازغۇچى بىر كىشىدە تېپىلغان سۈپەتلەرنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە باشقا كىشىلەردە بولغان سۈپەتلەر بىلەن قوشىدۇ. شۇنداق بىر توپ كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان سۈپەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بەدىئىي ئادەم ئوبرازىنى يارىتىدۇ يەنى تېپىك ھادىسىلەرنى، ئوبرازلارنى، خۇسۇسىيەتلەرنى ئىندىۋىدىئال خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

پوشكىننىڭ يېۋگېنى ئونېگىن، گوركىينىڭ پاۋېل ۋىلاسوۋى، لۇشۈننىڭ ئاكيوسى، ماۋدۈننىڭ سۇڭ فۇسى («تۈن يانغاندا» رومانىنىڭ باش قەھرىمانى)، شوخولوۋنىڭ داۋىدوۋى ــ مانا بۇلار تېپىك ئوبرازلاردۇر. يازغۇچى مۇنداق تىپلارنى ياراتقانداق، رېئال تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن تولۇق، كەڭ پايدىلىنىدۇ. ئۆزى ئويلىغان ئوبرازنى بەدىئىي قىلىپ سۈرەتلەيدۇ. مەلۇم دەۋر ۋە شۇ دەۋردىكى كىشىلەر ھەققىدە توغرا بىلىم بېرىدۇ. ھەر بىر يازغۇچى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەم كىشىلەر پسىخولوگىيەسىدىكى خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز سىنىپىي كۆز قارىشىدا تۇرۇپ، ئۆزىچە چۈشىنىدۇ، ئۇنى تەسۋىرلىگەندە ئەنە شۇ نوقتىئىينەزەردە ئىش قىلىدۇ، تېپىك سۈپەتلەرنى، خۇسۇسىيەتلەرنى خىللىۋالىدۇ، كېڭەيتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ دەۋر قارىشى ئۈچۈن كېرەك بولغانلىرىنى سايلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ پايدىلىنىقلىرىنى ئۇ ياكى بۇ تەرەپلىرىنى تۈزۈپ گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ھادىسە ھەم ئوبرازلارنى ئايرىم قاتلام كۆز

قارىشىدا تۇرۇپ تەسۋىرلەش ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئوبرازلارنىڭ تىپىك بولىشىلا ئەمەس، بەلكى جانلىق بولۇشى، بەدىئىي قىلىپ ئىشلىنىشى لازىم. مانا بۇ جەھەتتىن بەدىئىي ئەسەر پەننى ئەسەردىن ئايرىلىدۇ.

## بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئەھمىيتى

ستالىن يازغۇچىلارنى «ئادەم روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ سۆز يازغۇچىنىڭ، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەدىئىي ئەسەر ئايرىم قاتلامنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلىدىغان قورال بولغاندەك، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دۇنيا يېرتقۇچلىرىغا قارشى ئالغا باسار خەلقلەرنى تەربىيلەش قورالىدۇر. بىز خوشىنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن ئىجابىي، سەلبى ئوبراز ۋە تىپلارنى ئۇچرىتىمىز. ئىجابىي تىپلاردا كىشىلىك دۇنياسى ئۈچۈن دۇنيا مېھنەتكەشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ھېس ــ تۇيغۇلىرى، دولقۇنلىنىشلىرى، خاراكتېرى گەۋدىلەنگەن. سەلبىي تىپلاردا بولسا، بۇنىڭ تەتۈرسى، ئەكس سۈپەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ ئۆز دەۋرى قاتلىمى كۆز قارىشىدا تۇرۇپ يارىتىلغان ئىجابىي ئوبرازلار ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر مۇھەببەت ئويغاتسا، سەلبىي ئوبرازلار كۈچلۈك نەپرەت تۇغدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق تەرىپى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇلارنى تەربىيەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

مەسىلەن: گوركىينىڭ «ئانا» رومانى بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، روسيە ئىشچىلىرى ئۇنى چوڭ شادلىق بىلەن قارسى ئالدى. چۈنكى روماندىكى پاۋىل ۋىلاسوۋ ھەم ئۇنىڭ يولداشلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىدىن ئىنقىلابىي ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش يوللىرىنى كۆرۈۋالالىدى . . . (ئاخىرى تېپىلمىدى)

ئىزاھات:

① لوپۇللا مۇتەللىپ تۈزۈپ چىققان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» 1942 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە «قايىنام ئۆركىشى» دېگەن ئىمزا بىلەن ئۇدا بىر قانچە سانغا بېسىلغان، ئەپسۇسكى شۇ ئايلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلاردىكى گېزىت توپلىمى تولۇق بولمىغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى تاپالمىدۇق. 9 ــ ئاينىڭ 17 ــ كىنى ۋە 24 ــ كۈنلىرىدىكى ئىككى سان گېزىتنى تاپقان بولساقمۇ، ئۇنىڭمۇ بەزى يەرلىرى يىرتىلىپ كەتكەن، شۇڭا بۇ ئەسەر قولىمىزدا بار گېزىتلەر بويىچە ئېلىندى.

لوتپۇللا مۇتەللىپ تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىممىتى شۇ

يەردىكى، ئۇ بىزگە تۇنجى قېتىم پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىلىرى ــ ماركىس، ئېنگېلىس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەدەبىيات مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى يەتكۈزدى، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنى ماركىسىزىملىق نوقتىئىينەزەر بويىچە چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك گىمنازىيە قاتارلىق يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدىكى مىللى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىدە موھىم دەستۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ــ تەھرىردىن.

# سەنئەتكە مۇھەببەت*

ئاپرېل ئۆزگىرىشى[1] دىن كېيىن «كۆرۈنۈشى مىللىي، مەزمۇنى ئالتە سىياسەتكە ئاساسلانغان مىللىي مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتىرىش»[2] دېگەن شۇئار ئاستىدا، شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخىدا بۈيۈك بۇرۇلۇش بولدى، جۈملىدىن مەدەنىيەتنىڭ زور بىر تۈرى بولغان سەنئىتىمىز يېڭى راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

سەنئەتكە مۇھەببەت ـ ئالغا باسار مىللەتنىڭ، پەن، مەدەنىيەت سۆيگۈچى دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش، پەقەت سەنئەتكە مۇھەببەت بولغاندىلا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرىگە نائىل بولغىلى بولىدۇ.

بىز تېخى ئالتە سىياسەتلىك كۆرەشچان يېڭى سەنئەت ئىجاد قىلىشنىڭ بوسوغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، تۆۋەندىن يۇقىرىغا سىلجىپ، كەم ـ كۇسلىرىمىزنى تۈزەپ، ئالغا قەدەم بېسىپ كېتىۋاتىمىز. بىزنى نۇرغۇن ۋەزىلەر ساقلاپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا يېپ ـ يېڭى، جاراڭلىق سەنئەت يارىتىش مەسىلىسى، ئۇنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا يېيىش ۋەزىپىسى تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، دەپ ئويلايمىز.

بىز ئىجاد قىلغان يېڭى سەنئەت ئالتە سىياسەتكە تولۇق ئاساسلانغان بولۇشى شەرت.

بىزنىڭ سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي مېتودى ئالتە بۈيۈك سىياسەتلىك ئىنقىلابىي رېئالىزم بولغىنى ھالدا، چىن بارلىقنى، تورمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۇنى تۈرلۈك بوياقلار بىلەن بويىماسلىقى، پاسسىپ رومانتىزم يۆنۈلۈشىگە كىرىپ كەتمەسلىكى زۆرۈر.

بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلقنى قەھرىمانلىق روھىدا تەربىيىلىشى، خەلقىمىزنىڭ كۆرەشچانلىق، مەرتلىك جاسارىتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يۇقىرى كۆتىرىشى كېرەك.

بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلىشى، خەلققە يات ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئۆز سەنئىتىگە ئايلىنىپ، خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى سەنئەت بىلەن بىر قەدەم ئالغا باسقان ھالدا يۇغۇلۇپ، چىرمىشىپ كېتىشى زۆرۈر. بىز يەنە خەلقنىڭ ئەسلىدىكى سەنئەت مىراسلىرى ئاساسىدا يېڭىنى ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك.

مانا بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ يېڭىدىن بىخ چىقىرىپ، شاخلاپ، كۆكلەپ، راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى سەنئىتىمىزنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئۆيۈشمىلىرى[3] تەشكىل قىلغان سانائى نەپىسە بۆلۈملىرىگە، جۈملىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەنئەت بابىدا

خىلىلا جانلىنىۋاتقان ئۇيغۇر سانائى نەپىسە بۆلۈمىگە بىر قۇر مۇزاكىرە ئورنىدا نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر سانائى نەپىسە بۆلۈمى كېيىنكى مەگىللەردە سەنئەت _ تىياتىر مەيدانىدا خېلىلا زور بۇرۇلۇش ياسىدى. خەلقىمىزنى قىزىقتۇرالغۇدەك ئىشلارنى قىلىپ، تاماشىچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تەشەككۇرلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن شۇنى ئېيتماي مۇمكىن ئەمەسكى، ئۇيغۇر سانائى نەپىسە بۆلۈمى ئۆز ئەتراپىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك، قابىلىيەتلىك سەنئەتكارلارنى _ ئارتىست ۋە ئارتىستكىلارنى، سازەندىلەرنى، غەزەلچىلەرنى، رەسساملارنى ۋە باشقىلارنى توپلىدى، بۇ تەقدىرلەشكە لايىق ئىشتۇر. بۇ ئۇتۇقلارغا تېخى مىللىي سازلارنىڭ تولۇقلانماسلىقى سەل _ پەل كۆلەڭگە كەلتۈرسىمۇ، ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئاستىلاپ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. ئۇتۇقلار ئارىسىدا بەزەن جىددىي يېتەرسىزلىكلەرنى تۇمانلاپ قالدۇرۇش يارىمايدۇ، شۇڭا سانائى نەپىسە بۆلۈمىنىڭ مۇندىن كېيىن تېخىمۇ راۋاجلىنىشى، تېخىمۇ گۈللەپ، خۇشپۇراق چېچىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى تەقدىم قىلىمىز.

1942 _ يىلى شىنجاڭدا خوتۇن _ قىزلار ھەركىتى كەڭ راۋاجلاندى. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ئىنتىلىپ، خوتۇن _ قىزلار كارخانىسىغا پاي توپلاش ھەركىتىنى باشلىۋەتتى، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەركىتى، بېسىمدارلىق، مەككار سودىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش دولقۇنىمۇ قوزغالدى، لېكىن بىزنىڭ سەھنە نومۇرلىرىمىز ئىچىدە مۇشۇنداق يېڭى ئىشلارغا بېغىشلانغان نومۇرلار بارمۇ؟ بار دېيىش مۇمكىن، لېكىن ياخشى ئىشلەنمىگەن، ئاز بولۇشىنىڭ ئۈستىگە سۈپەت جەھەتتىن ئارقىدا، بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

سانائى نەپىسىمىز كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بىر قانچە غەزەل، «تويى»،«نازىركوم»،«مەددا» قاتارلىق نومۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ناخشىلار ۋە ئۇسسۇل مەرغۇللىرى پاتېفۇن تەخسىلىرىدىكى، كىنو خرونىكىلىرىدىكى تامارا خانىم، ھەلىمە ناسىرىۋا، سارىمساقىۋالارغا ئوخشاش مەشھۇر ئۆزبېك ناخشا _ ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى تەكرارلاش بولۇۋاتىدۇ، سەنئىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدا، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ناخشا _ ئۇسسۇللىرى ئازراق بولۇۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ناخشا _ ئۇسسۇللىرىمىزنى توپلاپ، رەتلەپ، رەندە سالساق ئۇنى تېخىمۇ سەنئەتلەشتۈرسەك، قانداق ياخشى ۋە نەپىس تۈس ئالار ئىدى _ ھە؟! بۇ باشقا مىللەرلەرنىڭ گۈللەنگەن سەنئەت _ ئەدەبىياتىدىن مۇتلەق پايدىلانمايمىز دېگەنلىك ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۆز يولدا پايدىلىنىش لازىم، لېكىن ئۇنى ئۆگىنىش نىگىزىدە يېڭىنى يارىتىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئۆز مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، كەم _ كۈسىلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز لازىم. خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش بەزىلەرگە قوپالراق كۆرۈنۈشى مۇمكىن، لېكىن خەلق ناخشا _ ئۇسسۇللىرىغا يېڭى تۈس بېرىش بىلەن ئۇلارنى قاتارغا قوشقىلى بولماسمىدى؟

سەنئەتتە كىيىم ۋە گىرىم مەسىلىسىمۇ چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ، سانائى نەپىسەلىرىمىز

بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايۋاتىدۇ، مىللىي تۇرمۇشىمىزدىن ئېلىنغان نۇمۇرلار ۋە يېزا خەلق ئۇسسۇللىرى سەھنىدە ئىجرا قىلىنغاندا، تولاراق ئىبسىل شايى، قىممەت باھالىق بەقەسەم تونلار، ئالا چاپانلار كىيىلىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئاددى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنداق تونلار بەك ئاز. ئېھتىمال، كونا دەۋرلەردە ئۇيغۇر بەگزادىلىرى كىيگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزدە مىللىي كىيىم تۈرلۈك رەڭدىكى ئاددى چەكمەن، ئاق خامدىن كۆينەك، پوتا (بەلباغ)، دوپپا، تۇماق ۋە باشقىلار، بۇ كىيىملەر بىلەن مىللىي ئۇسسۇللارنى ئىجرا قىلىش سەت ئەمەس، بەلكى ئىرمەشىپ، چىرمىشىپ كېتەر ئىدى. لېكىن ھەر خىل ئۇسسۇللاردا ئارتىسلارنىڭ كىيىملىرى بىر خىل بولۇشى قانچە تۈرلەشسە، خىللىرى كۆپەيسە شۇنچە ئوبداندۇر.

بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلقىمىزنى كۆرەش روھى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر قىلىپ تەربىيلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز شوخ، كۆتىرەڭگۈ، روھلۇق بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ سەھنىمىزدە دات ـ پەريات، ئاھۇ ـ پىغانلار بولماسلىقى كېرەك، مۇزىكىمىز خەلقىمىزنى كۆرەشكە، قۇرۇلۇشقا ئىلھاملاندۇرسۇن، خەلقنى مىشچانلىق، ئۈمىدسىزلىك كوچىلىرىغا باشلايدىغان پىغانلار ئورنىغا شوخ، جانلىق، ناخشا ـ غەزەللەر ئىجاد قىلىنىشى، بۇنىڭدا خەلق ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم.

بىز سەنئەتنىڭ مەزمۇنىغا يېڭى، جەڭگىۋار روھ بېرىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلقنى ياپونغا قارشى كۆرەش روھى بىلەن تاۋلىشى، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى زۆرۈر.

روس شائىرى پوشكىن: «سەنئەتكە مۇھەببەت بار يەردە تەنقىدمۇ بار» دەيدۇ. سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا تەنقىد، پىكىر ئېلىش ۋە مۇزاكىرىلەرنىڭ رولى چوڭدۇر.

يېڭى سەنئەت يارىتىش ئۈچۈن كۆرەشەيلى! ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش تەنتەنىلىرىگە بېغىشلانغان ناخشا سادالىرى ھەممە يەردە جاراڭلىسۇن!

خەلقىمىزنى كۆرەشكە، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىلھاملاندۇرۇپ، فرونت، ئوق ـ دورا پۇراقلىرى ئارىسىدا كۆرەشچان مۇزىكا سادالىرىنى ياڭرىتايلى!

ئىزاھات:

*لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1942 ـ يىل 12 ـ دىكابىر سانىغا «سەنئەت خۇمارى» ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان. ماقالە قىسقارتىپ بېرىلدى. ـ تەھرىردىن.

① ئاپرېل ئۆزگىرىشى ـ 1933 ـ يىلى جىنىڭ شۇرىن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى.

②«ئالتە سىياسەتكە ئاساسلانغان مىللىي مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتىرىش» - شۇ

مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشىغا ئەۋەتكەن ئەزەلىرى چېن تىيەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى «ئالتە چوڭ سىياسەت» تەدبىرىنى يولغا قويغان ئىدى. بۇ سىياسەتلەر شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان، جۈملىدىن مۇشۇ باش سىياسەتكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «كۆرۈنۈشى مىللىي، مەزمۇنى ئالتە سىياسەتكە ئاساسلانغان مىللىي مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتىرىش» شۇئارىمۇ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىغان. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ــ سەنئەت ئىشلىرىغا يولداش شىڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن) بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى، 1942 ــ يىلىدىن باشلاپ، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەزالىرىنى كەڭ ــ كۆلەمدە قولغا ئالدى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، «ئالتە سىياسەت» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شائىر ل. مۇتەللىپ ئوتتۇرىغا قويغان «كۆرۈنۈشى مىللىي، مەزمۇنى ئالتە سىياسەتكە ئاساسلانغان مىللىي مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتىرىش» ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىلغارلىق رولىغا ئىگە ئىدى.

③ھەرمىللەت ئۇيۇشمىلىرى ــ شۇ يىللىرى شىنجاڭنىڭ مەدەنى ــ مائارىپ ئىشلىرىنى خەلققە تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغانھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇيۇشمىلار شۇ مەزگىلدىكى چوڭ مازايى ــ ماشايىقلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلىرىنى باشقۇرۇپ، دىنىي ئادەت بويىچە تۆلىنىدىغان ئۆشرە ــ زاكاتلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ۋە ئاممىدىن ياردەم توپلاپ، شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى باشقۇرغان، ئۇيۇشمىلار قارىمىقىدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى، كىنو ئەترىتى، قىرائەتخانا قاتارلىقلار تەشكىل قىلىنىپ، بىر قاتار مەدەنىي ئاقارتىش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن ئىدى، جۈملىدىن شۇ مەزگىلدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرغان سانائى نەپىسە بۆلۈمى «غېرىب ــ سەنەم»،«پەرھاد ــ شېرىن»،«ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دراما ۋە ئوپېرالارنى، لوتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «چىمەنگۈل»،«كۆرەش قىزى»،«سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

# تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى*

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۆنسېرى يېڭىلىقلار، يېڭى ئىسلاھاتلار، يېڭى چۈشەنچە، يېڭى گەپلەر بىلەن بېيىپ گۈللىنىپ بارماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشلەر ئوتتۇرىسىدا بۇ يېڭىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە تەرەققىياتىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىشىمۇ ئاشماقتا. مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ بىرسى بولغان تىياتىر بىلەن بىز تونۇشقىلى ئۇن نەچچە يىل بولدى، ھازىر ئۇنى ئۆزىمىزمۇ ئوينىاشقا باشلىدۇق. شۇڭا بۇ ماقالىنىڭ مەقسىدى ــ ھازىر بىزگە ئۆزلىشىپ كېتىۋاتقان تىياتىرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈش ۋە ھازىرقى ئەھۋالغا كېلىشىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىشتۇر.

## تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان زېمىن

ھەر بىر يېڭىلىقنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن مۇۋاپىق شەرت ــ شارائىت كېرەك بولغاندەك، تىياتىرنىڭ ئۆسۈشى كەڭ تۇس ئېلىشى ئۈچۈنمۇ ئۆزگە خاس زېمىن بولۇشى لازىم. بۇ زېمىن نېمىدىن ئىبارەت؟

بۇ زېمىن شۇ مەزگىلدە يۇنان خەلقىدە يۇنان خەلقىدە كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرگەن ئەپسانىلەردىن سۈرگەن ئەپسانىلەردىن ئىبارەت بولدى. يۇنان خەلقى ئۆز زامانىسىدا تۈرلۈك تەنتەنىلىك خىيالىي قەھرىمانلار ۋە ئۈلارنىڭ ئاجايىپ، «ھېكمەتلىك» ئىشلىرى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى تولىمۇ ئوبدان كۆرەر ئىدى. بۇ ئەپسانىلار پەقەت يۇنانلىقلار ئىچىدە مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنياغا داڭداردۇر. يۇنان خەلقىنىڭ بۇ ئەپسانىلىرى ئادەتتە دىنىي ئېتىقاد بىلەن چىگىلگەن بولۇپ، گويا ئۇلارنىڭ مۇنداق مەشھۇر ۋەقەلەرنى قىلىشى پەقەت ئىلاھلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بولغان زېۋسنىڭ پەرمانى بىلەن بولارمىش. بولۇپمۇ تىمى شەھرىگە دەھشەت سالغان ئارسلاننى ۋە توققۇز ياشلىق ئەجدىھانى يەڭگەن، كاپكازدىن ئىسپانىيىگە بېرىپ، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان  ئوتتۇرىسىدا ياتقان تاشنى يېرىپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى ئىسپانىيىگە، يەنە بىر پارچىسىنى ئافرىقىغا ئاتقان پالۋان گىراكىل توغرىسىدىكى ئەپسانە؛ دېڭىز ئىلاھىسى يۇسدۇن بىلەن يەر ئىلاھىسى گىريانىڭ ئوغلى ئانتىنىڭ گىراكىل بىلەن ئۇرۇشۇشى، ئانتى ئۆز ئانىسى ــ يەردىن ئايرىلسىلا ئۆلىدىغانلىقى، ئەگەر ئۇ، يەرگە يېپىشىۋالىدىكەن، ئۇنى ھېچكىم قوزغىتالمايدىغانلىقى، لېكىن گىراكىل ئۇنى يەردىن دەس يۇلۇۋېلىپ، ئاسمانغا كۆتىرىپ تۇرۇپ، بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە باشقا ئەپسانىلەر بەكمۇ كۆپ ئىدى. يەنە بىر ئەپسانىدە ئارفەي

دىگەن بىر قوشاقچى بولۇپ، ئۇ بەك خوش ئاۋاز ئىكەن. ئۇ سازنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ چالىدىكەنكى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسىدىن ئادەملا ئەمەس، ھەتتا تاغۇ ــ تاشلار، ۋەھشى ھايۋانلار، چۆل ــ جەزىرىلەر، دەل ــ دەرەخلەرمۇ ھۇشىدىن كېتىدىكەن. مانا مۇشۇ ئەپسانىلەرنىڭ يىغىندىلىرى تەبىئىي يوسۇندا خەلق ئەدەبىياتىغا ئۆرنىشىپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ سالمىغىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا يۇنان خەلقى ۋە ياش بەگزادىلەر ئۆز سارايلىرىدا سەنئەتكارلارنى، بولۇپمۇ شائىر ۋە قوشاقچىلارنى ساقلىشاتتى. ئۇلار شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن سوقۇشلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭغا خىيالى چاپانلارنى كىيگۈزۈپ، تۇرلۇك «مۆجىزىلىك» قوشاقلارنى توقۇشاتتى ھەمدە داستانلارنى يازاتتى. دۇنيا ئەدەبىياتىدا ھازىرغا قەدەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان يۇنان داستانلىرى «ئىلىئادا» بىلەن «ئودىيسسا» ئەنە شۇ يول بىلەن پەيدا بولغان نادىر ئەسەرلەر ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان يۇنانلىقلار ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزىلىدىغان دىنىي بايراملىرىنى تۇرلۇك تەنتەنىلىك بايرام ئويۇنلىرى بىلەن قارشى ئالار ئىدى. دەل شۇنداق دىيانىسقا بىغىشلانغان، دىنىي ئېتىقاد تۇسىنى ئالغان ئويۇنىدىن تىياتىر ئۇچۇن ئەڭ دەسلەپكى ئورۇن ھازىرلاندى. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قەھرىمانلاردىن ئىلھاملىنىپ، تىياتىر ئۇچۇن سەھنە كىتابى يېزىپ چىققۇچىلارمۇ پەيدا بولدى.

## تىياترىنىڭ كېلىپ چىقىشى

يۇنانىستاننىڭ ماركىزى ئافىنادا يېڭى ئىرادىن (مىلادىدىن) ئالتە ئەسىر بۇرۇن پېرىكىل دەۋرىدە تىياتىر راۋاجلاندى. قۇلدارلار دېموكراتىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان پېرىكىل ئاجايىپ ئىسلاھاتچى ۋە ئەدەبىياتقا ھەۋەسكار ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئافىنانى ئىلىم ــ مەدەنىيەت مەركىزىگە ۋە مەنبەسىگە ۋە مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويىدى. يۇنانىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن شائىرلارنى، رەسساملارنى، ھەيكالتاراش، پەيلاسوپلارنى يىغدى. پەيلاسوپ ئاناكساگاز، ھەيكەلتاراش فىدىلەر مانا شۇ چاغدا داڭ چىقارغان ئىدى.

تىياترىنىڭ كېلىپ چىقىشى مانا مۇنداق: «دىيانىس» يۇنانلىقلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئېتىقادى بويىچە شاراپ ۋە خۇشاللىق ئىلاھى ئىدى. يۇنان خەلقى ئىلاھىنىڭ شەرىپىگە بېغىشلاپ ناخشىلار، ئومومخورلار، لەپەرلەر، تاخماقلار، بىيتلار ئېيتار ئىدى، جۈملىدىن دىيانىس ئۆسۈملۈكلەرنى تولدۇرغۇچى ئىلاھ بولۇپ، ياز كېلىپ ئۈزۈم پىشقاندا، تەبىئەتتە ئەتىيازلىق كۆكلەمنىڭ چىرايلىق كۆنلىرى ھۆلۈم سۈرگەندە، كىشىلەر «دىيانىس كەلدى»، «كۆكلەم بىلەن بىللە كەلدى» دېيىشەر ئىدى. بۇ چاغدىكى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى خۇشاللىق ساداسى بىلەن قاپلىنار ئىدى. تەتۈرسىچە، كۈز بولۇپ تەبىئەت چىرايلىقلىقى تۇگەپ، ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇشقا، گۈللەر خوراشقا، يېشىللىقلار سارغىيىشقا باشلىغاندا، «دىيانىس يېڭىلدى»، «ئۇ ئەمدى كېتىدۇ» دېيىشەر ئىدى، بۇ چاغدىكى ئېيتقان ناخشىلىرىمۇ ماتەم

تۇسنى ئالاتتى، قايغۇ، پاجىئە بىلەن تولار ئىدى.

بولۇپمۇ دىيانىسقا بېغىشلانغان مۇنداق ئويۇنلار كۆكلەمدە تازا قىزار ئىدى. ئاۋۋال بۇ ئويۇنلارنىڭ تولىسى خەلق بايراملىرى ۋە دىنىي مۇراسىملاردا ئوينىلاتتى، ئادەملەر، ھاپىزلار يىغىلىپ، كوچىمۇ ــ كوچا يۈرۈپ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشار ئىدى. بۇلار ئادەتتە ئۆشكە تېرىسىنى كىيىپ، يانلىرىغا ئۆشكە مۈڭگۈلىرىنى ئېسىپ، دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە سۇمبول شاخلىرىدىن ساقال ياساپ، باش ــ چېكە ۋە قۇلاقلىرىغا گۈللەرنى قىسىپ، ئۆزلىرىنى دىيانىسقا ھەمرا بولۇپ كەلگەن ئورمان ئىلاھىغا ئوخشاش قىياپەتتە ياسىشار ئىدى. ناخشىنى باش ھاپىز باشلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىرلىكتە ئەگىشەر ئىدى. ئۇلار كوچىمۇ ــ كوچا يۈرۈپ، كەڭ ئوچۇقچىلىق مەيدانلارغا مەركەز قىلىشار ئىدى. ئۇلار خۇددى بىزنىڭ مەدداھلىرىمىزغا ئوخشاش سۆزلەپ، ئەتراپتىكىلەرنى جەلپ قىلار ئىدى. بۇلار توختىسا ھاپىزلارنىڭ باشلىقى كورىخەي ناخشا باشلايتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى «تىراگىدىيە» دەپ ئاتىلاتتى (يۇنانچە trags ــ ئۆشكە، ode ــ ناخشا دېگەن مەنىدە بولۇپ «ئۆچكە ناخشىسى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ). ئۇلار دىيانىسقا ئاتاپ سويۇلغان قۇربانلىق ئۆچكىنىڭ گۆشىنى ئوتقا تاشلاپ، گۈلخان چۆرىسىدە تەنتەنە قىلىپ ئايلىناتتى. ناخشىلار ئەنەشۇ ئۆچكىگە بېغىشلاپ ئېيتىلغاچقا، ئۇنىڭغا «ئۆشكە ناخشىسى» دەپ نام بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئويۇن بارا ــ بارا ئاۋۋالقى شەكلىنى يوقىتىپ، ھەممە ئادەم باراۋەر ئوچۇق كۆرسۇن ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلايدىغان بولدى. مانا شۇنداق قىلىپ ھازىرقى تىياتىرنىڭ ئەڭ قەدىمىي خىمىرتۇرچى بارلىققا كەلدى. كېيىنچە مەدداھلار مەركىسى تۇسنى ئالغان بۇ ئويۇن تېخىمۇ راۋاجلاندى. دىيانىسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىش بارغانسېرى نۇرغۇن ئادەملەر ۋاستىسى بىلەن بولىدىغان شەكىلگە ئۆزگىرىپ، دىئالوگ شەكلىدە قارمۇ ــ قارشى تۇرۇپ سۆزلەش، ئېغىزدا سۆزلەپ تەسۋىرلەنگەن ھېكايىنى قىياپەت، ئىش ــ ھەرىكەت ۋە تۈرلۈك بوياقلار بىلەن ئىپادىلەشكە ئۆزگەردى، پەدەز (گىرىم) قىلىش شەكىللىرىمۇ تۇغۇلۇپ رەسمىلەشتى. مانا شۇنداق قىلىپ، دىيانىسقا بېغىشلانغان ئىككى بايرامدا ھازىرقى تىياتىرغا ئاساس سېلىنىدى ۋە درامىنىڭ ئىككى خىلى تۇغۇلدى: دىيانىسنىڭ پېگىلىشى، ئازاب ــ ئوقۇبەت ۋە مۈڭلىرىنى كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان كۈزلۈك بايرامدىن «تىراگىدىيە» (ھازىرقى زامان دراما تۈرىدە تىراگىدىيە تولاراق پاجىئەلىك، قايغۇلۇق، دەھشەتلىك مەنىلىرىدە يوروۇتىلىدۇ) تۇغۇلدى؛ دىيانىسنىڭ پېگىشىنى، غالىبىيىتىنى، خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەتىيازلىق بايرامدىن «كومىدىيە» (خۇشاللىق) تۇغۇلدى.

## قەدىمى تىياتىر ئورنىنىڭ تۈزۈلۈشى

كېيىنكى تىياتىرلار دىيانىسقا بېغىشلانغان «تىراگىدىيە» ۋە «كومىدىيە» لەر بىلەن چەكلەنمەستىن، تىياتىر مەيدانلىرىدا زور قەھرىمانلارنىڭ كۆرەشلىرى، ئۇلارنىڭ

سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئوينىلىدىغان بولدى. بۇمۇ راۋاجلىنىپ، قەھرىمانلارلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ئارىسىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىمۇ ئوينىلىدىغان بولدى. مانا مۇنداق ئېھتىياج زۆرۈرىيىتى رەسمى كەڭ ۋە ئازادە تىياتىر ئورنىغا بولغان تەلەپنى تۇغدۇرماي قالمىدى.

ئۇلارنىڭ تىياتىرخانىلىرى مۇنداق تۈزىلەتتى: تىياتىر بىنالىرى ئادەتتە دۆڭگە سېلىنىپ، ئۈچ بۆلۈمدىن ئىبارەت ئىدى: دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسى سەھنە بولۇپ، ئۇ باشقا جايلارغا نىسبەتەن چىرايلىق ياسىلاتتى؛ ئۇنىڭدىن پەسرەگى ناخشا ــ غەزەل ئېيتقۇچىلارنىڭ ئورنى ئىدى. بۇ جاي يۇنانچە «ئوركىستىر» دەپ ئاتىلاتتى (ھازىرقى «ئوركىستىر» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان). دۆڭنىڭ ياقىسىدا يېرىم دائىرە شەكلىدە، تاماشىچىلار ئورنى ــ زال بار ئىدى. تاماشىچىلار ئورنىنىڭ يۇقىرى قەۋىتى تاشتىن، ئاستىنقى قەۋىتى مەرمەر ۋە ياغاچتىن ياسىلاتتى. سەھنىنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئۈچ تەرىپى تام بىلەن ئورالغان، سەھنىنىڭ ئالدىدا زىننەتلىك ياسىلىپ، ھازىرقى تىياتىرلاردىكى دېكراتسىيە خىزمىتىنى ئۆتەر ئىدى. دېكراتسىيە جايلاشقان ئورۇننى يۇنانچە «سېكنى» دەپ ئاتار ئىدى (ھازىرقى ياۋروپا تىللىرىدىكى «سىينا» شۇنىڭدىن ئېلىنغان). سەھنە دېكراتسىيىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ۋەقەگە ئەگىشىپ تۈرلەندۈرۈپ تۇرۇش يوق ئىدى. ئويۇن كۈندۈزى، كۈن يورۇغىدا قويۇلاتتى. پەردە تاختاي ئاستىغا بىر چۈشۈپ، تاكى ئويۇن تۈگىمىگىچە كۆتىرىلمەيتتى. ئويۇن قائىدە ــ يوسۇنلارنى تامام ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشلىناتتى. دەسلەپ ئىلاھى ــ دىيانىسقا بېغىشلاپ قۇربانلىق قىلىناتتى، بۇنىڭغا بىر تېكە سويۇلۇپ، تېرىسى سەھنە بىلەن زال ئوتتۇرىسىدىكى مەخسۇس جايدا ئوتقا يېقىپ كۆيدۈرۈلەتتى، ئاندىن كېيىن پەردە كۆتىرىلەتتى. ئۇ مەزگىلدە يۇناندا 40 ــ 50 مىڭ، ھەتتا 80 مىڭ كىشى سىغىدىغان بىنالار سېلىنغان ئىدى. مانا بۇ ئورۇننى لىق ئىگەللىگەن تاماشىچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن سۆز ــ ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئويىنغۇچىلار ئادەم ئاۋازىنى كۈچەيتىدىغان قورالالارنى، يۈزلەرنى ئاجايىپ كۆرسىتىدىغان نىقاپ (ماسكا) لارنى ۋە بويىنى ھەممىگە تەڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن ياغاچ پۇتلارنى ئىشلىتەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى خەنزۇلارنىڭ چاڭچىلە ئويۇنلىرىنى ئەسلىتەتتى. چۈنكى بۇ ئويۇنلاردىمۇ سەھنىدىكى دېكراتسىيەلەرنىڭ يۆتكەلمەسلىكى، بىر ئورۇندا نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

## تىياتىرنىڭ راۋاجلىنىشىدا يازغۇچىلارنىڭ تۇتقان ئورنى

يۇنانىستاندا سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن چېغى سۇپرىكىل دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردىكى تىياتىرلاردا يالغۇز خەلق ئەپسانىلىرى ئاساسىدىكى ھېكايىلەر ئوينىلىپلا قالماستىن، بەلكى تىياتىرغا باب مەخسۇس سەھنە كىتاۋى يازغۇچىلارمۇ پەيدا بولدى. ئەسخىل، سافوكىل، ئەۋرىپىت، ئارىستوپانلار ئەنە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق قابىلىيىتى بىلەن ئەڭ زور كامالەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىدىن بۇيۈك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان

قەھرىمانلار ۋە سادىسلەرنى يازار ئىدى، بۇلار ھەر قاچان خىيالىي بولار ئىدى. ئۇلار تەبىئەت قانۇنىنىڭ سىرلىرىنى بىلگەچكە، ھەر قاچان ئەپسانىلىقتىن مۆجىزىلەرنى گەۋدىلەندۈرەتتى. ئەسخىلىنىڭ ئەڭ ئۇبدان تىراگىيىسى «زەنجىر بەند پىرومىتى» بولۇپ، بىر ـــ بىرىگە داۋاملىشىپ تۇتاشقان ئۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى بىلەن پەرىقلىنىدىغان ئالىجاناپ زاتلار ئىدى. پىرومىتى ئادەملەرگە ئوت تېپىپ بەرگەن ۋە مېھنەتكە ئۆگەتكەن، باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئىدى. بۇ قەھرىمانلارنى تاماشىچىلار بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئەسخىلدىن كېيىن 5 ـــ ئەسىردە ئۇنىڭ ئورنىنى سافۇكىل دەسسىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەدىب شاھ»،«ئەدىپ قالۇندا»،«ئانتگونا» دېگەن ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. سافۇكىلىنىڭ ئەسەرلىرى ئەسخىل ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، تۇرمۇشقا بىر قەدەر يېقىن بولۇپ، خەلق ئېڭىدىن ئۈستۈن بولغان ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىك ھادىسىلەرنى تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ، ماھىرلىق بىلەن تەسۋىر قىلاتتى. ئۈچىنچىسى ئەۋرىپىت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىسپولىت»،«ئۇنۇگىنە»،«تاۋرىدا» دېگەن تىراگىيىلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. گەرچە ئۇ، باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز قەھرىمانلىرىنى تۈرلۈك ئەپسانىلاردىن ئالسىمۇ، ئۇلارنى شۇ زامان ئادەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن جىپسىلاشتۇراتتى. ئەۋرىپىت ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇئامىلىلەرنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى، ئۆزگۈچىلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

يۇنانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر كومىدىيە يازغۇچىسى ئارىستوپاندۇر. ئۇ تولىمۇ قىزغىن كومىدىيىلەرنى يازغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئاتلىقلار» ، «قورچاقلار» ، «بۇلۇتلار» ، «خەلق مەجلىسىدىكى خوتۇنلار» ۋە باشقىلار ئىدى. ئارىستوپان ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋرىدىكى دۆلەت تۈزۈلۈشىنى، ئافىنا دېموكراتىيىسىنى ۋە باشقا «بېشى ئايلىنىپ قالغان» پەيلاسوپلارنى زاڭلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى بۇ ئەسەرلەر خەلقنى ئارمانسىز كۈلدۈرەتتى. بۇ ئەسەرلەر ئۆز يولىدا شۇنداقلا كېتىشۇرمەيتتى، بۇلارغا شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇھاكىمە نەزەرىيىسىدىن قاراپ باھا بېرەتتى، ئۇلار يۇنان سەنئىتىدىكى تۈرلۈك كەمچىللىكلەرنى تالاش ـــ تارتىش يولى بىلەن ھەل قىلاتتى. مەسىلەن: ئارىستوتىل سەنئەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پوئىزىيە توغرىلىق ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.بۇ زور ئەدەبىي راۋاجلىنىشنى كۆرگەن تىراگىدىيە، كومىدىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىياتىر سەنئىتى تېخىمۇ ئۆستى، راۋاجلاندى، ئۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، چەتئەللەرگە تارقالدى ۋە ئۆز يولىدا بۇزۇلۇپ، تۈزۈلۈپ مۇكەممەللەشتى.

## تىياتىرنىڭ بۇگۈنكى كامالەتكە يېتىشى

تىياتىر روما ئىمپىراتورلىقى سەلتەنىتى دەۋرىدە يۇناندىن رىمغا كۆچتى، ئەمما

يۇنانىستاندىكىدەك راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، ئۇ چاغدا تىياتىرغا قارىغاندا شۇ زاماننىڭ سىرىك ئويۇنى كۆپرەك راۋاجلاندى. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، يۇنان ۋە روما تىياتىرلىرىنىڭ ئالغا بېسىش يولى تېخىمۇ تارايدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا خىرىستىئان كاھىنلىرى تىياتىرنى ئۆزىنىڭ روھانى تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرغان ئىدى، ئۇلار سەھنە ئەسەرلىرىنى دىنىي روھتا سۇغۇرۇشقا باشلىدى. بۇ دۇنيا مىقياسىدا ئۆسۈپ كېلىۋاتقان تىياتىرنىڭ ئۆز يولىدىن باشقا يولغا بۇرۇلۇش دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە تىياتىرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئورۇن سەھنىلەشتۈرۈلۈشى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

17 ــ ئەسىرگە كەلگەندە يۇنانىستان تىراگېدىيىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىش ئەۋج ئالدى. بۇ دەۋر تىياتىر سەنئىتى تەرەققىياتىدا «ساختا كلاسسىكلار دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئىجادكارلىرى فرانسۇز مۇھەررىرلىرىدىن كورنىل ۋە راسىنلار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەسخىل، سافوكىل، ئەۋرىپىتلەرگە تەقلىد قىلىپ يازاتتى، ئۇلار خۇددى يۇناندىكىدەك ئۆز ئەسەرلىرىنى بەش پەردىدە تۈگىتىشنى شەرت قىلاتتى. قەھرىمانلىرىنىمۇ يۇنانلىقلاردەك خىيالىي ئەپسانىلەردىن سايلاپ ئېلىپ، سۆزىنى شېئىر شەكلىدە يازاتتى. شۇنداق قىلىپ سەھنە ئەسەرلىرىنى شېئىر بىلەن يېزىش بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يۇنان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پەرقلىنەتتى؛ بۇ ئاز بولۇشتا، فرانسىيە شەھەر تۇرمۇشىنى، ئارىستوكرات بەگزادىلەرنىڭ سەلتەنەتلىرىنى ئىپادىلەشتە كۆرۈلەتتى. نېمە ئۈچۈن بۇلارنى «ساختا كلاسسىك» دەپ ئاتىغان؟ كلاسسىك ئەسلىدە لاتىنچە سۆز بولۇپ، مەنىسى باشقىلارغا نەمۇنە بولغۇچى يازغۇچى دېمەكتۇر. مىلادىدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى يۇناننىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بولغان ئارىستارىخ يۇنان ئەدىب، شائىرلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىممىتىگە قاراپ دەرىجىلەرگە بۆلگەن. شۇلارنى «كلاسسىك» دەپ ئاتىغان. فرانسۇز ساختا كلاسسىكلىرى ئارىستارىخ بەلگىلىمىسىگە ئەگىشىپ، ھەر بىر نەرسىنى شۇلارغا ئوخشاش قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ۋاھالەنكى، قەدىمكى يۇنان تۇرمۇشى بىلەن 17 ــ ئەسىردىكى فرانسىيە تۇرمۇشى ئارىسىدا ئاسمان ــ زېمىن پەرىق بار ئىدى. لېكىن ئۇلار تەقلىدچىلىك ھەۋىسىگە بېرىلىپ، فرانسۇز تۇرمۇشىدا يوق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان ئىدى. 17 ــ ئەسىر ياۋروپاسى ئۈچۈن بۇ ھال بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار «ساختا كلاسسىكلار» دەپ نام ئالغان ئىدى.

ئويغىنىش دەۋرىدە مەدەنىيەت باشقىدىن مەيدانغا دەسسىدى، كلاسسىكلار روھى تىرىلدى، تىياتىرغا نىسبەتەن ناتوغرا قاراشلارغا خاتىمە بېرىلدى. كونا شەكىللەر، قۇرۇق تەقلىدچىلىك، تارىختا بولغان تەتۈر قاراش، زامانغا سىغمەي قېتىۋالغان سەنئەت نەزىرىيىلىرى يىمىرىلمىدى. مەشھۇر ئەنگلىيە يازغۇچىسى ۋىليام شېكسپىر دۇنيا مىقياسىدا، تىياتىر ــ تىراگېدىيە ساھەسىدە يېڭى، قۇدرەتلىك ئېقىمنى باشلىۋەتتى. شېكسپىر ئاۋۋالقى نەزەرىيەلەرنى بىتچىت قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەدىمقىلاردىن پەردە ــ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ

مۇرەككەپلىكى، سەھنە تۈزۈلۈشى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ خىلمۇ _ خىللىقى بىلەن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىنى ئىنكاس قىلىدۇ، ئەنگىلىيىدە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاڭلار، كاروللار سۇلالىسىنى تەنقىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۆكۈمەت، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىقى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، ھوقۇق، ئادەملەرنىڭ ھايات _ ماماتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز تەسىرىنى دۇنيا بويىچە يايىدۇ. شىكسپىرنىڭ «ئوتىللو»،«رومئو ھەم ژولىتتا»،«كارول لىر»،«ماگبىت»، «گاملىت» دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. بۇلار تىياتىرنىڭ گۈللىنىشىدە ۋە راۋاجلىنىشىدا ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. شىكسپىر ساختا كلاسسىكىزىمنى ۋەيران قىلدى. قەدىمكى سەنەمگە ئوخشىمايدىغان، ھەممە ئۇچۇن ئەپلىك بولغان يېڭىنى ئىجاد قىلدى. شىكسپىر ئۆلگەندىن كېيىن، 18 _ ئەسىردىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنيا مقياسىدا ئومۇملاشتى؛ ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆز سەنئىتى، تىياترى مەيدانىغا كەلدى. تىياترنىڭ يۈكسەك ۋە ئاجايىپ زور بىناسى بەرپا ئېتىلدى.

شىكسپىر ئاچقان يول بىلەن كېتىۋاتقان سەھنە ئەسەرلىرى ۋە شۇ ئاساستا يېڭى شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى زامان تىياترى خەلقنى مەدەنىيەتكە جەلىپ قىلىشقا زور رول ئويناپ، ئۆز يولىدا سالماق راۋاجلىنىپ بارماقتا.

## ئىزاھات:

* شائىرنىڭ بۇ ماقالىسى ئۆز ۋاقتىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گېزىتلەرنى تاپالمىدۇق. «ئىلى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداش تۇرسۇن زېرىدىن ساقلاپ كەلگەن قولىيازمىنى ئازراق قىسقارتىپ باستۇق. _ تەھرىردىن.